"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11 - بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# بىڭشىن

ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى



مىللەتلەر نەشرىياتى

翻　　　译　阿不都拉·毛拉
责任编辑　夏木斯亚
责任校对　塞比耶·艾合太木
民文封面设计　吾要



ISBN 978-7-105-10177-1
9 787105 101771 >
定价：6.00元

"ئەتىكى قۇياش"ــــ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى

دۆلەتنىڭ "11 ـ بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# بىگشىن

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا موللا

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

**图书在版编目(CIP)数据**

冰心：维吾尔文/冰心著；阿不都拉·毛拉译.—北京：民族出版社，2009.7

（托起明天的太阳.文学大师启蒙读本）

ISBN 978-7-105-10177-1

Ⅰ.冰... Ⅱ.①冰...②阿...Ⅲ.儿童文学—作品综合集—中国—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I286

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第119728号

**责任编辑**:夏木斯亚

**责任校对**：赛比耶·艾合太木

**出版发行**：民族出版社　http://www.mzcbs.com.

**社　　址**：北京市和平里北街14号　**邮编**：100013

**电　　话**：010-64290862（维文室）

**印　　刷**：北京艺辉印刷有限公司

**版　　次**：2009年7月第1版　第1次印刷

**开　　本**：850×1168毫米 1/32

**印　　张**：2.75

**印　　数**：0001-3000

**定　　价**：6.00 元

ISBN 978-7-105-10177-1/I.2061（维293）

本书根据中国少年儿童出版社2006年4月第1版第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر- بالىلار نەشرىياتى 2006- يىل 4- ئايدا نەشر قىلىنغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىيە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتور: سەبىيەم ئەختەم

# بىگشىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا موللا


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 2.75 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10177-1/I.2061（维 293）

# مۇندەرىجە


مېنىڭ بالىلىقىم ........................ 1
يىسۇن ھەزرەت ........................ 4
سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ........................ 8
باھار سۈيى ........................ 12
شىشىخال ........................ 16
بىر ئەسكەر ........................ 27
غېرىبلىق ........................ 32
ئوبدان ئانام ........................ 57
كىچىككىنە بىر چىراغ ........................ 67
مىگزى بىلەن مىزى ........................ 73

# مېنىڭ بالىلىقىم

بالىلىق تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەردە ھەمىشە ئۇنىڭغا بىر خىل تەلپۈنۈش بولىدۇ، بالىلىق تۇرمۇشى مەيلى خۇشال، مەيلى ئازابلىق ئۆتكەن بولسۇن، كىشىلەر ئۇ چاغلارنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس مەزگىل دەپ قارايدۇ. بالىلىقتىكى نۇرغۇن تەسىراتلار، نۇرغۇن ئادەتلەر بىزنىڭ خاراكتېرىمىز ۋە مىجەزىمىزگە مەھكەم ئورناپ، بىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.



بالىلىق تۇرمۇشۇم ھەققىدە ئىلگىرى ئۆزۈممۇ بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن پارچە-پۇرات خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدىم، مەن گوي ماڭا بۇ تېما ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشىمنى ئېيتقىنىدا ئۇنىڭ يەنىلا ئەھمىيەتلىك تېما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە خۇشاللىق بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ھېسسىيات ھەققىدىكى گەپلەرنى كۆپ تىلغا ئېلىشنى خالاپ كەتمەيدۇ، گەرچە ئەسلىمىلىرىم ئاچچىق تەبەسسۇم بىلەن تولغان بولسىمۇ، بالىلىقىمدىكى مۇھىت ۋە مەشىقلىرىم ھەمدە ھەۋەس، ئادەتلىرىمدە ساقلىنىپ قالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئانچە-مۇنچە خاتىرىلەپ قويدۇم، بەلكىم بەزى ئاتا-ئانىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى خالاپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن ئالدى بىلەن نەسەبىم ھەققىدە توختىلاي: مېنىڭ دادام

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بولۇپ، تېنى ناھايىتى ساغلام ئىدى، مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن. بوۋامنىڭ تېنىمۇ ناھايىتى ساغلام بولۇپ، 86 يېشىدا كېسەلمۇ بولماي بۇ دۇنيادىن جىمجىت كېتىپ قالغان ئىدى. ئانام بولسا ناھايىتى ئورۇق ئىدى، دائىم بېشى ئاغرىپ، قان تۆكۈرۈپ تۇراتتى، بۇنداق كېسەللىك ئالامىتى مەندىمۇ بولغان، ئەمما ئۆپكە سىلى بولماستىن، بەلكى ئۆپكە ھاۋا شاخچىسى زورىيىش سەۋەبىدىن بولۇپ، زىيادە چارچىغىنىمدا ياكى قايغۇرغىنىمدا قوزغىلاتتى. بالىلىق ئەسلىمىلىرىمدىكى ئانام ناھايىتى مۇلايىم، ئېغىر-بېسىق بولۇپ، ئۇ ئىشىدىن قولى بوشىسىلا، كىتاب كۆرەتتى، ئۇ ئەنە شۇنداق رەنجىدىن يىراق، تېپتىنچ ياشىغان ئىدى.

ئانامنىڭ دېيىشىچە، مەن بوۋاق ۋاقتىمدىلا قان قۇسقان ئىكەنمەن، بىراق بالىلىق چاغلىرىمدا بۇ كېسىلىم قوزغىلىپ باقمىغان ئىدى، ئۇ چاغدا بىرەر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىممۇ يادىمدا يوق، ئەكسىچە ساغلام، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ ئىدىم، شۇڭلاشقا بالىلىقىمدىكى ئۇ يەتتە-سەككىز يىلنى شوخ كېپىنەكتەك قىيغىتىپ ئۆتكۈزگەنىدىم. قىسقىسى، مەن ئانامنى ئەمەس، دادامنى تارتقان ئىدىم.

ئانام مەندىن بۇرۇن ئىككى ئوغۇل تۇغقان ئىكەن، لېكىن ئۇلار تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەندىن كېيىن تۇغۇلغان سىڭلىممۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلگەنىكەن. مېنىڭ چوڭ ئىنىم مەندىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى. چوڭ ئىنىم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆيدە يالغۇز بالا ئىدىم.

بالىلىقىمدىكى مۇھىت مېنى ياۋا بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، مەندە قىلچىمۇ قىزلىق نازاكەت يوق ئىدى. بىزنىڭ ئۆيىمىز ھەمىشە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گازارمىسى ياكى دېڭىز

ئارمىيە مەكتىپىگە يېقىن جايدا بولاتتى. ئەتراپىمدا مەن بىلەن تەڭتۇش ئاداشلىرىم يوق ئىدى، قورچاق ئويناش، يىپ-يىڭنە ئىشى قىلىش، ئۇپا-ئەڭلىك سۇرۇش، ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش، گۈل قىسىش دېگەنلەرنى بىلمەيتتىم. مۇنداقچە ئېيتسام، ئانامنىڭ تېنى ئاجىز، ئۆي سۆرۈن بولغانلىقتىن، كۆن بويى دادامنىڭ قېشىدا يۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئادەتتە ئوغۇللارمۇ ئىگە بولالمايدىغان تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ئىدىم. ھەممە ئىشتا قۇلاي بولسۇن دەپ، ھەمىشە ئەرەنچە كىيىنىپ، دائىم ھەربىيچە كىيىم بىلەن يۈرەتتىم. ئاتا-ئانام مېنى «ئوغۇلخان» دەپ چاقىراتتى، ئىنىلىرىم مېنى «ئاكا» دەيتتى، شۇنداق قىلىپ كېيىنچە ئۆزۈمنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم.

دادام ئىشخانىدا چاغدا، دائىم بىرى مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئايلاندۇراتتى، ئەمما بارىدىغان جايلىرىمىز يەنىلا بايراق سۇپىسى، زەمبىرەك سۇپىسى، دېڭىز ئارمىيە پىرىستانى، ئوق-دورا ئىسكىلاتى، سۇ ئىلاھى بۇتخانىسى دېگەندەك جايلار بولاتتى.

# يىسۇن ھەزرەت

مەن ياپونىيىدە ساياھەت قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا، دائىم بىر قىسىم خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ساياھەت ئاپتوموبىلىدا، ھەمىشە بىر ئايال يول باشلىغۇچى بولاتتى، ئۇ دېرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ، سىزگە بۇنىڭ قايسى تاغ، ئۇنىڭ قايسى دەريا، بۇنىڭ قايسى كۆۋرۈك، ئۇنىڭ قايسى كەنت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، يەنە سىزگە بۇ تاغ، دەريا، كۆۋرۈك، كەنتلەرگە ئالاقىدار چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ھەم بۇ چۆچەكلەرگە ئالاقىدار بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە قىزىقارلىق، ئادەمنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈرگىنى يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى رىۋايەت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ ھەيكىلىنى باربىت كۆلى بويىدىكى شىشەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاسمان ئىلاھى قەسرىدە بايقىغانىدىم. ئىبادەتخانىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدىكى كىچىك يايمىلارغا نۇرغۇن ئۇششاق خاتىرە بۇيۇملىرى تىزىلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاران بىر سۇڭ كېلىدىغان كىچىك ياغاچ توقماق بولۇپ، ئۇنىڭ سېپىنى تارتىپ ئاچسام، ئىچىدىن گۈرۈچچىلىك كېلىدىغان، قەغەزدەك نېپىز ئىككى كىچىك ئالتۇن ھەيكەل تۆكۈلۈپ چۈشتى. بۇ ئىككى كىچىك ئالتۇن ھەيكەلنىڭ بىرى راھىبلاردەك ياسالغان بولۇپ، قولىدا بىر كالتەك بار ئىدى، يەنە بىرى كىيىمى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوردا گۈزىلى ئىدى. مەن سۈرۈشتۈرۈپ، بۇنىڭ يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى چۆچەككە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ كىچىك ياغاچ توقماق بەك سىپتا، بەك ئوماق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالدىم، مەن تاغدىن چۈشكەچ ھەمسەپەر بولغان ياپونىيىلىك دوستتىن

يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم.

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ چۆچەكنىڭ خۇددى باشقا خەلق چۆچەكلىرىگە ئوخشاش بىر قانچە خىل ۋارىيانتى بارلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىم مۇنداق ئىدى: يىسۇن ھەزرەت قەدىمكى دەۋردىكى ياپونىيىنىڭ جىنگو نەنبو(بۇگۇنكى ئوساكا) دېگەن يېرىدىكى بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى 40 ياشقا كىرگەندىمۇ بالا يۈزى كۆرمىگەچكە، ھەر كۈنى ئىبادەتخانىغا بېرىپ تىلاۋەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ، ئەمما بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن قارىسا، بوي ئېگىزلىكى ئاران بىر سۇڭ ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يەنىلا ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ بېقىپتۇ، چۈنكى ئۇ تەڭرىدىن تىلەپ ئېرىشكەن بالا-دە! شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىسىغا يىسۇن(بىر سۇڭ) ھەزرەت دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يىسۇن ھەزرەت 12-13 ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ بويى ئۆسمەپتۇ، ئاتا-ئانىسى بۇنىڭدىن غەمكە چۆكۈپتۇ. يىسۇن ھەزرەت ناھايىتى ۋاپادار،



ئىرادىلىك بالا ئىكەن، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئاتا-ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ: «مېنى سىرتقا چىقىپ جاھان كۆرگىلى قويۇڭلار، شۇنچە چوڭ جاھاندا، مەن پاتقۇدەك يەر چىقىپمۇ قالار». شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىدىن بىر كېمىسىمان قەدەھ، بىر جۈپ چوكا، بۇغداي غولىدىن ياسالغان غىلاپقا سېلىنغان بىر دانە يىڭنىنى

ئېلىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ.
يىسۇن ھەزرەت ئۇ يىگىننى بېلىگە ئېسىپ، قەدەھ كېمىسىگە چىقىپ، ئىككى چوكىنى پالاق قىلىپ، ئۇدۇل كيوتوغا قاراپ ھەيدەپتۇ. ئۇ كيوتودىكى چىگشۇي ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، باش راھىب بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. باش راھىب ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىققاندا، ئۇنىڭ ئىشىك باقارنىڭ گېتا(ياپونلارنىڭ ياغاچ كەشى)سىنىڭ تېگىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپتۇ. لېكىن باش راھىب ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما جاسارىتى، گەپ-سۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنى قېشىدا ئېلىپ قېلىپ، ئىبادەتخانىدا بەزى ئىشلارغا قويۇپتۇ.
بىر كۈنى، بىر مەلىكە ئىبادەتخانىغا كۈجە كۆيدۈرگىلى كەپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىر يالماۋۇز مەلىكىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. يالماۋۇز كەلگەن چاغدا، قۇم-بوران چىقىپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، مەلىكىنىڭ چاكارلىرى ۋە بۇتخانىدىكى راھىبلار قورققىنىدىن تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. دەل يالماۋۇز مەلىكىگە يوغان قوللىرىنى سوزغان چاغدا، يىسۇن ھەزرەت ئىبادەتخانىنىڭ بۇلۇڭىدىن سەكرەپ چىقىپتۇ. ئۇ قەيسەرلىك بىلەن يىگىنسىنى يالماۋۇزغا سانجىپتۇ. يالماۋۇز يىسۇن ھەزرەتنىڭ كىچىككىنە جۇغىنى كۆرۈپ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى يۇتۇۋېتىپتۇ. يىسۇن ھەزرەت بىخىرامان ھالدا ئۇنىڭ ئىچ-باغرىدا يۇمۇلاپ يۈرۈپ، يىگىنسىنى يالماۋۇزنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا تىقىشقا باشلاپتۇ. يالماۋۇز ئاغرىققا چىدىماي يىسۇن ھەزرەتنى قۇسۇۋېتىپ، ئۈلە-تىرىلىشكە قارىماي قېچىپتۇ، قولىدىكى ياغاچ توقمىقىنى بولسا ئىبادەتخانىدا ئۇنتۇپ قېلىپتۇ. مەلىكىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، ياغاچ توقماقنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى يىسۇن ھەزرەتنىڭ

مەردانە هالدا شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار بولۇپتۇ ھەم بويى بىر سۇڭ كېلىدىغان بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ! ئۇ پەسكە ئېگىشىپ، تارتىنغىنىچە ئۇنىڭغا سەممىي هالدا: «سىز مېنى يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدىڭىز، مەن ئەمدى سىزنىڭ بولدۇم، بىز توي قىلايلى!» دەپتۇ. يىسۇن ھەزرەت خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرى قىزارغان هالدا: «مەلىكە، مەن سىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن سىزنى قۇتقۇزغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شۇنداق كىچىك تۇرسام، قانداقمۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز بولالايمەن، سىز ئەڭ ياخشىسى ئۆردىغا قايتىپ كېتىڭ» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئۇنى كەتكۈزمەي توسۇۋېلىش ئۈچۈن، قولىدىكى ياغاچ توقماقنى يەرگە تاشلاپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بۇ توقمىقىنىڭ يەرگە تەگكەندىكى «تاڭ» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، يىسۇن ھەزرەتنىڭ بويى بىر نەچچە سۇڭ ئۆسۈپتۇ. مەلىكە ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشال بولغان هالدا يالماۋۇزنىڭ توقمىقىنى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپتۇ، يىسۇن ھەزرەتنىڭ بويى بارغانسېرى ئۆسۈپ ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئوخشاش هالغا كېلىپتۇ. سىز ئەمدى چۆچەكنىڭ يېشىمىنى بىلىپ بولدىڭىز، يىسۇن ھەزرەت ئاخىر مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىرەيلەن مۇنداق دېدى: «بۇ چۆچەك ھەم قىزىقارلىق، ھەم تەسىرلىك ئىكەن. بىر سۇڭ ئېگىزلىكتىكى كىچىك ئادەملەر — باللار ياخشى كۆرىدىغان ئوبرازدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كىچىك ئادەم يەنە جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، يالماۋۇز بىلەن پىداكارلارچە ئېلىشىدۇ، ئۆز هاياتىدىن كېچىپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك بۇ خىل ئالىيجاناب پەزىلەت باللارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ بەدىئىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقساق، چوقۇم ناھايىتى ياخشى باللار چۆچىكى بولۇپ قالىدۇ.»

# سانسىزلىغان يۇلتۇزلار

1

جىمىرلايدۇ سانسىز يۇلتۇزلار،
كۆك ئاسماننىڭ چەكسىز قەھرىدە.
ئاڭلاش نېسىپ بولار قاي زامان؟
يۈرەك سۆزلىرىنى قىلغان بەس ـ بەستە.
جىمجىتلىقتا، نۇرلار ئۈچىدە،
گۈزەل مەدھىيىسىنى قىلغان ھەۋەستە.

2

ئېھ، بالىلىق، گۈزەل بالىلىق،
چۈشۈمدىكى ھەقىقىي چىنلىق.
چىنلىقتىكى چۈشتەك گۈزەللىك،
ئەسلىگەندە قىلمىز تەبەسسۇم ياشلىق.

10

يۇمران بىخ دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«جەۋلان قىلدۇر ئۆزۈڭنى ھامان!»

ئاقۇش گۇل دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«تۆھپە ئەيلە ئۆزۈڭنى ھامان!»

قىپقىزىل مېۋە دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«پىدا قىلغىن ئۆزۈڭنى هامان!»

12

ئاھ، ئىنسانلار، ياشايلى ھەممە،
ئاتا قىلىپ چەكسىز مۇھەببەت.
ھەممىمىز يولۇچى ئۇزۇن سەپەردە،
ئوخشاش مەنزىلنى قىلىشقان نىيەت.

14

ھەممىمىز تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى،
دۇنيانىڭ بۆشۈكىدە ئەللەيلەپ تۇرغان.

15

ئەي بالا، كىرىۋەر گۈزەل بېغىمغا،
ۋە لېكىن ئۈزمىگىن ئۇز گۈللىرىمنى.
تىكەنلىك بولىدۇ ئەتىرگۈل دېگەن،
زېدە قىپ قويمىسۇن ئوماق قولۇڭنى.

16

ئەي، قەدىردان ياشلار،
كەلگۈسىدىكى ئەسلىمە ئۈچۈن،
ئىخلاس بىلەن قويۇڭلار سىزىپ ،
هازىرقى گۈزەل كارتىنىلارنى.

23

قەلبىمىزنىڭ چىرىقى،
جىمجىتلىقتا يانىدۇ نۇرلۇق،
شاۋقۇنلاردا كېتىدۇ ئۆچۈپ.

24

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاستا ۋە ئاستا،
گۈللەر شىۋىرلىشىپ دېمەكتە مۇنداق:
«ھەممىمىز ئاجىزلار پەقەتلا خالاس!
كۆرىۋېرەيلى شېرىن چۈشلەرنى،
قېنىپ ئىچەيلى مىسكىن قەدەھنى،
تەگرىنىڭ تەدبىرى ئەسلىدە شۇنداق!»

34

قۇرۇقلۇقنى ئەتكىنى ئىجاد،
ئەمەستۇر ئۆركەشلىك دېڭىز دولقۇنى،
بەلكى ئاستىدىكى يۇمشاق تۇپراق.

45

گەپدان گۈللەر،
ئېچىلار يوغان.
ئەمگەكچان مېۋىلەر،
يېتىلەر جىك ـ جىك.

48

ئاجىز ئوت-چۆپلەر،
بولغىن مەغرۇرراق،
چۈنكى سەن بىلەن كۆركەمدۇر دۇنيا.

53

قەلبىم! تۇرغىن ھەمىشە سەگەك،
كىرىۋالما قۇپقۇرۇق قاينام-كاۋاكقا!

159

ئاھ، ئانا!
كەلدى جۇدۇن تەرەپ-تەرەپتىن،
قۇشلار مۆكتى ئىسسىق ئۇۋىغا.
قەلبىمنى باستى جۇدۇن، تۇمانلار،
مېنى باسقىن ئىللىق باغرىڭغا.



# باھار سۈيى

1

ئەي، باھار سۈيى!
بەردىنىڭ يەنە بىر يېڭى يىلدىن دېرەك،
ھەم يەنە ئىللىق شامالدىن خەۋەر.
تارتايمۇ يەنە سۈرەتكە بىرنى؟
باھار سۈيى رەھمەت دېدى مۇلايىم:
«ئەي دوستۇم!
ئەزەلدىن قويمىغانمەن بىر پارچە سۈرەت،
باشقىغا ھەم ساڭا يەنىلا شۇنداق.»

18

قارلىقتىكى قارىئۆرۈك گۈلى!
ساڭا يېپىشقىنى باھار ئەمەسمۇ؟
قارا، ئەتراپتىكى بارچە گۈللەرگە،
ساڭا ئەگىشىپ ئېچىلدى بىر-بىر.

19

ئەي، شائىر!
ئىجادىڭنى قويغىن قەدىرلەپ!
ھاياتلىقنىڭ دەردۇغەملىرى
كۆتمەكتە تەسەللىگە تولغان مىسرالىرىڭنى.

23

ئاددىيغىنە كۆلچەك سۇيىدە،
جۇلالايدۇ شەپەقنىڭ نۇرى،
ئايلاندۇرۇپ ئالتۇن دېڭىزغا!

33

بولۇڭدىكى گۈللەر!
سەن ئۆزۈڭگە قويساڭ تەمەننا،
ئالەم كېتەر ساڭا تارىيىپ.

43

باھار قاچان سۆز قىلار بىزگە؟
ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچى،
مانا شۇنداق،
ئىللىتىدۇ گۈزەل دۇنيانى!

47

بىر ئادەم ئولتۇرار ئايۋاندا شۇنداق،
كىتابنى تىزىغا قويۇپ خىيالدا،
سىيپاپ ئۆتكەن سەلكىن شامالدىن،
بىلىپ قالدى باھار كەلگەننى.

94

نېمە ئۇ تېرىقچىنىڭ خۇشلۇقى دېگەن؟
كەتمىنىگە تايىنىپ تۇرۇپ...
قاراش ھەممە يەردىكى باھار رەڭگىگە!

112

زورايغانسېرى دېڭىز بوۋغۇنى،
قورامتاش بولغۇسى تېخىمۇ ئۇيۇل.
جىمجىت ئولتۇرۇپ كۈتكەن ۋاقىتتا،
خۇشاللىق كەلگۈسى بىر-بىرلەپ ئۇدۇل.

113

يۇلتۇزلار ...
ئاقارتقان بىلەن نەۋقىرانلارنىڭ قوندۇز چېچىنى،
قېرىتالماس ئۇلارنىڭ شوخ يۈرىكىنى.

125

پەرۋىش كۆرگەن چىرايلىق گۈللەر،
جىمجىت ئېچىلىپ توزۇيدۇ ئاستا،
غەلىبە تۇغى باغلىغان مېۋە،
مېۋىلەيدۇ قۇياش نۇرىدا.

152

ئەي، دانىشمەن!
ئېگىز چوققىدا مەزمۇت ئولتۇرۇپ،
نەزەر سالامسەن يىراق مەنزىلگە؟
ياخشىدۇر بۇ خىياللاردىن بولغانچە خالاس،
ياد ئېتىپ قويساڭ تاغنىڭ باغرىدا...
مېھنەت قىلىۋاتقان جاپاكەشلەرنى!

158

ئەي، دانىشمەن!
ئىقبال شامىنى يېقىپ بولغاندا،
باقمىغىن ھەرگىزمۇ كەينىڭگە يەنە!
روھىڭغا مۆكۈنگەن قورقۇنچاقلىقىڭ،
قويمىسۇن توختىتىپ سېنى يوللاردا.

174

ئەي، نەۋقىرانلار،
يېزىڭلار قەدىرلەپ ياشلىق دەۋرىدە،
ۋاقىتنىڭ بەتلىرى تۇرار ئۆرۈلۈپ،
قولۇڭلار ھەمىشە تۇرسۇن قەلەمدە!

182

خەير - خوش!
باھار سۈيى،
رەھمەت سېنىڭ شىر - شىر ئاققان سۈيۈڭگە،
ماڭا ئاتا قىلغان نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇغا.

قول پۇلاڭلىتاي ساڭا خوش دېگەچ،
ئاستا سىڭىپ كەتكىن ئادەم قەلبىگە.
ئولتۇرۇپ مەن سېنىڭ چىقار جايىڭدا،
قۇلاق سالاي جىمجىت ئەكس ساداغا.

# شىشخال

كارىۋاتتا ياتقان لى موماي ئۇرۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، بېشىدا تۇرغان كېلىنىگە مۇنداق دېدى:

— سۇگرۇ، يېتىقتا بولۇپ قالغىنىمغا يېرىم ئاي بولا - بولمايلا، تىرناقلىرىممۇ سارغىيىپ كېتىپتۇ.

سۇگرۇ بىر قولىدا دورا قاچىسىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا پاشىلىقنى قايرىغاچ، لى مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— بۈگۈن ھاۋا سوغۇقراق، شۇڭا كونا كېسىلىڭىز سەل قوزغىلىپ قاپتۇ، ئەمما چىرايىڭىز بىر ئوبدان تۇرىدۇ، — دېدى. لى موماي بېشىنى چايقاپ:

— ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن، كېچىچە توختىماستىن يۆتىلىپ چىقتىم، بۇ دورىنى ئىچىپ بىر نېمە دەيلى، — دېدى. لى موماي ھاسىرىغىنىچە ئۆرە بولۇپ، سۇگرۇنىڭ قولىدىكى دورىنى ئىچتى، سۇگرۇ ئۇنى يەنە ئاستا يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن دورا قاچىسىنى جايىغا قويۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مومايىنىڭ دۈمبىسىنى يېنىك ئۇرۇشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، لى مومايىنى ئۇيقۇ باستى، سۇگرۇ ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن دېرىزىنى ئېچىۋەتتى-دە، يەنە كارىۋاتنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا سىرتتىن بىر كىچىك قىزچاق كىرىپ:

— ئانا! مومام بۈگۈن... — دېيىشىگە، سۇگرۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى، قىزچاق يېنىك دەسسەپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— مومام بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

سۇگرۇ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغاچ، ئاستاغىنە:

— بەكمۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى. قىزچاق يەنە سورىدى:

— دادام قايتىپ كەلدىمۇ-يوق؟

— تېخى كەلمىدى، سەن سىرتقا چىقىپ ئويناپ تۇر، بىردەمدىن كېيىن موماڭنى ئويغىتاي، — دېدى. قىزچاق كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئاۋايلاپ كېلىپ پاشىلىقنى ئېچىپ، مومىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا، دادىسى زېسۇن، فېڭ دوختۇر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزنى كۆرۈپ:

— ۋېنئېر، موماڭ ئويغاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ۋېنئېر



جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، لى مومايىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، سۇگرۇ:

— ئانام ئويغاندى، كىرىڭلار، — دېدى. ئۇلار بىللە كىرىپ كەلدى، فېڭ دوختۇرنىڭ قولىدا سېرىق تاماكا خالتىسى تۇراتتى، ئۇ سۇگرۇغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كارىۋاتنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئازراق چاي ئىچكەندىن كېيىن لى مومايىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى. ۋېنئېر ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، فېڭ دوختۇرنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن، قولىنىڭمۇ پاكىز ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «دوختۇر بولغان ئادەم نېمىشقا پاكىز يۈرمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. فېڭ دوختۇر بىر دەم تومۇر تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، كېسەل ئەھۋالىنى ئازراقلا سوراپ قويدى، ئاندىن رېتسېپنى ئىتتىكلا يېزىپ بېرىپ، خوشلىشىپ

قايتتى. زېىسۇن ئۇنى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن پاشىلىقنى يېپىپ قويدى، سۇگرۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ زېىسۇنگە:

— ئانام بۇگۇن يەنىلا ياخشى بولالمىدى، مېنىڭچە فېلىڭ دوختۇرنىڭ دورىسى پايدا قىلمىغاندەك تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى باشقا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقساق بولغۇدەك، — دېدى. زېىسۇن بېشىنى لىڭشىتتى. ۋېنئېر:

— فېلىڭ دوختۇرنىڭ يۈز، قوللىرى ناھايىتى مەينەت ئىكەن، ئۆزىگە تۇزۇك قارىيالمىغان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى داۋالىيالىسۇن، — دېدى. زېىسۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى، ئاندىن سۇگرۇغا:

— مېنىڭچە ئەتە بىز غەربچە داۋالايدىغان دوختۇر تەكلىپ قىلىپ كۆرسىتىپ باقايلى، ئەمما مەن ئانامنىڭ چەت ئەلنىڭ دورىسىنى يېگىلى ئۇنىماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى. سۇگرۇ ئەمدىلا گەپ قىلاي دېيىشىگە، لى موماي يەنە يۆتەلگىلى تۇردى. ئۇلار دەرھال كارىۋاتنىڭ قېشىغا باردى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، لى مومايىنىڭ كېسىلىدە ئازراقمۇ ياخشىلىنىش بولماي، ئەكسىچە ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. زېىسۇن بىلەن سۇگرۇ تىت-تىت بولۇپ تۇرالماي قالدى، ئۇلار مومايغا چۈشەندۈرۈپ، غەربچە دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقماقچى بولدى. لى موماي بىر دەم جىم تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەن چەت ئەلنىڭ دورىسىنى يەپ كۆنمىگەن، ۋاقتىنچە سىناپ باقساق مەيلى، — دېدى. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— تۈنۈگۈن كەچتە، مەن چۈشۈمدە داداڭلارنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا بىر جاي بارلىقى، ئۇ يەردە ئۆي، قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقى، مېنى ئېلىپ بېرىپ بىللە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭچە كېسىلىم... — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەنە يۆتىلىشكە باشلىدى. زېىسۇن ئانىسىنىڭ چىرايىغا دەرگۇمانىدا

قاراپ، كۆڭلىدە ناھايىتى ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— بۇ كەيپىياتىڭىزنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن، شۇڭا سىز بىمەنە چۈشلەرنى كۆرۈپسىز، — دېدى. لى موماي بېشىنى چايقاپ:

— مېنىڭ چۈشۈم راستتەكلا بىلىنىدۇ، داداڭ يەنىلا ئاشۇ ئاخىرەتلىك كىيىمنى كىيىۋاپتۇ، — دېدى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن جىم بولۇپ كەتتى، ۋېنئېر بىر چەتتە تۇرۇپ، ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. لى موماي يەنە:

— ئاۋالو كىتسې سۋارا بۇتخانىسىنىڭ پال چېكى ناھايىتى توغرا چىقىدۇ، ۋاڭ ئانىنى چاقىرىپ بىرنى تارتىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى. سۇگرۇ ماقۇل بولۇپ، ۋاڭ ئانىغا دېگىلى چىقىپ كەتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ۋاڭ ئانا دەرۋەقە ئاچ كۆك رەڭلىك يېڭى كۆڭلەك كىيىپ، قىزىل گۈل تاقاپ، كۈجە ئېلىپ، بۇتخانىغا ماگدى. ۋېنئېر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئاستاغىنە:

— ۋاڭ ئانا! سىز ياخشى چەك تارتىپ كېلىڭ، — دېدى. ۋاڭ ئانا ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلاپ:

— ئۇنىڭ توغرا چىقىشى ناتايىن... بۇنىڭدا بۇتساتۋانىڭ بەرگىنى ھېساب، سىزنىڭ ۋاپادارلىقىڭىز سەۋەبىدىن ناھايىتى خەيرلىك چەك چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، — دەپ، يولىغا راۋان بولدى.

بىردەمدىن كېيىن ۋاڭ ئانا قايتىپ كېلىپ، لى موماي ياتقان ئۆيگە كىردى. سۇگرۇ دورا ئوچىقىنىڭ قېشىدا ئوتقا قاراپ ئولتۇراتتى، ۋېنئېر بىر چەتتە ئۆرە تۇراتتى، ئۇلار ۋاڭ ئانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدى:

— ۋاڭ ئانا، چەك قانداق بولدى؟

ۋاڭ ئانا گەپ قىلماستىن، چەك قەغىزىنى سۇگرۇغا سۇندى. سۇگرۇ ئۇنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى: «بېلىق تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ، قۇشنىڭ توردىن ئۇچۇپ چىقمىقى تەس، ئەھۋال مۇشۇنداق، بىر خۇشاللىق ھەم بىر خاپىلىق بار.» ئۇ پال چېكىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ۋېنئېر ئالدىراپ سورىدى:

— بۇ چەك ياخشىمۇ-ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا لى موماي پاشىلىقنى ئېچىپ سورىدى:

— ۋاڭ ئانا قايتىپ كەلدىمۇ؟

سۇگرۇ دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. لى موماي:



— پال چېكىدە نېمە دېيىلىپتۇ، سىز ماڭا ئوقۇپ بېرىڭ، — دېدى. سۇگرۇ ئامالسىز ئوقۇشقا باشلىدى، لى موماي «ئەھۋال مۇشۇنداق، بىر خۇشاللىق، بىر خاپىلىق بار» دېگەن جۈملىنى قايتا-قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى، چىرايى ئازراق

تاتاردى، ئەمما بىر نىمە دېمىدى.

ۋېنئېر ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، دادىسىنىڭ ئەجنەبىيچە كيىنگەن بىرەيلەن بىلەن كارىدوردا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋېنئېر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ، ئۆيگە كىرىپ كېتەي دېگەندە، ئۇ كىشىنىڭ دادىسىغا: «ئانىمىزنىڭ كېسىلىدە چوڭ چاتاق يوق، بۇ دورىنى ئىچسە چوقۇم پايدا قىلىدۇ، لېكىن ئانىمىزنىڭ روھىي ھالىتى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش بولدىمۇ-قانداق؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. زېسۇن لى موماينىڭ چۈشى ۋە چەك تارتىش ئىشىنى سۆزلەپ بەردى. دوختۇر بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ:

— ئەڭ ياخشىسى ئۇنى بۇنداق خىياللاردىن خالاس قىلايلى، ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشىلانسا كېسىلى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، كېسەلنىڭ روھىي ھالىتى ئۇنىڭ ياخشىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، — دېدى. ئۇلار يەنە بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، دوختۇر قايتىپ كەتتى.

كەچتە، لى موماي دېگەندەك خېلىلا روھلىنىپ قالدى. زېسۇن بىلەن سۇگرۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ۋېنئېر كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، موماينىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويدى، لى موماينىڭ كۆڭلى يەنىلا تۇتۇق تۇراتتى، ئۇ تېخىچە «ئەھۋال مۇشۇنداق، بىر خۇشاللىق، بىر خاپىلىق بار» دېگەن گەپلەرنى ئويلاپ، بۈگۈن كېسىلىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەستەك ھېس قىلدى. بۇ چاغدا، ۋېنئېر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— موما، بۈگۈن خېلىلا ياخشى تۇرىسىز، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ شاپتۇل چېچىكى كۆرگىلى بارالايدىغان بولىدىكەنسىز، — دېدى. لى موماي بۇنى ئاڭلاپ خۇشال

بولۇپ:

— سەن مېنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭ؟ تۆنۈگۈنكى چەكتىكى گەپ بەكلا خەيرسىز تۇردۇ، — دېدى. ۋېنئېر:

— چەكتىكى گەپنىڭ نەرى تـوغرا بولسۇن، ئۇنداق لاي قورچاق، بۇتلار ... — دېيىشىگە، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭايسىزلانغىنىدىن گېپىنى يۇتۇۋەتتى. لى موماي ئۇنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلىرالماي:

— مەن ئەزەلدىن بۇنىڭ ھېسابىغا بەك پىششىق ئىدىم، ئەمما ھازىر بۇنى ھېسابلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. زېيسۇن، شىشىخال قاچىسىنى ئېلىپ كەل، مەن بىر تاشلاپ پېشانەمگە پۈتتۈلگەنگە پال سېلىپ باقاي، — دېدى.

بۇ چاغدا زېيسۇن بىلەن سۇگرۇ ئامالسىز قالغان ئىدى، موماي



كېسەللىنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى ئېغىرلىشىشىنى مۇشۇ دوغا باغلىۋالغان ئىدى، بىراق شىشىخال دېگەن ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، تەلەينى ئوڭ قىل دېگىلى بولمايدۇ ـ دە، ناۋادا بىر ئىش بولۇپ قالسا... زېسۈن ئىككىلىنىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرۇماقچى بولىۋىدى، موماي شىشىخالنى ئەكەل دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. زېسۈن ئامالسىز شىشىخالنى ئېلىپ كېلىپ، كارىۋات قېشىدىكى ئۈستەلگە قويدى. سۈگرۈمۇ ئىلاجسىز مومايىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ۋېنئېر يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئاستاغىنە سورىدى:

— ئانا، شىشىخالنى تاشلاپ قاندىقى چىقسا ياخشى بولىدۇ؟

سۈگرۈ مومايغا قاراپ، ئويلانمايلا:



— ئالتە شىشىخالنىڭ ھەممىسى قىزىل بولسا ياخشى چىققان بولىدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا موماي شىشىخال قۇتىسىنى ئېلىپ، ئىچىدە دۇئا قىلغىلى تۇرغان ئىدى، ۋېنئېر تۇيۇقسىز ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئانىسىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن چاچ

قىسقۇچنى ئېلىۋالدى، ئاندىن ئورۇندۇقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، چىراغنىڭ نۇرى چۈشمىگەن بۇلۇڭغا باردى.

موماي دۇئا قىلىپ بولۇپ، شىشىخالنى ئېلىپ، تاشلاشقا تەمشەلدى. زېسۇن بىلەن سۇگرۇ دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا قاراپ تۇراتتى، ئىككىلىسىنى تەر بېسىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ۋېنئېر تۇيۇقسىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بۇلۇڭدىن يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىنىڭ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، سول قولىنى مومايىنىڭ قولىدىكى شىشىخالغا ئۇزىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— موما، مەن تاشلاپ باقاي، مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ياخشى چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى. موماي كۈلۈپ تۇرۇپ، شىشىخالنى ۋېنئېرغا بەردى. زېسۇن بىلەن سۇگرۇ ئۇنىڭغا قاراپ، ناهايىتى هەيران قېلىشتى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، ئۇنى توساي دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ سول قولى بىلەن شىشىخالنى تۇتۇپ، بىر تال بىر تالدىن مۇشتۇمىغا تىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئاسمانغا قارىدى، ئەمما دۇئا قىلمىدى، ئالتە تال شىشىخالنىڭ هەممىسىنى تىقىپ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشتۇمىنى سەل بوشىتىپ يېگىنىنى تۈردى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ، شىشىخالنى قۇتىغا قارىتىپ ئاتتى.

ئالتە شىشىخال توختىماستىن يۇملاپ، بىر دەمدىن كېيىن توختىدى. زېسۇن ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ ئېيتتى:

— ئانا، هەممىسى قىزىل چۈشتى. — دېدى. سۇگرۇ ئۇلارغا تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، داڭقېتىپ قالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ۋېنئېرغا:

— ۋېنئېر، سەن... — دېگىنىچە گېپىنى يۇتۇۋېتىپ، — مۇبارەك بولسۇن، — دېدى. زېسۇنمۇ بىلىپ يەتتى، ئۇ پەقەت ۋېنئېرنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، مومىسىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. مومايىنىڭ كۆڭلى يايراپ، شىشىخال

قۇتىسىنى كۆتۈرگىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— زادى ۋېنئېر تاشلىسا خەيرلىك بولاتتى، تەڭرىمۇ ماڭا ئوڭ كۆزىدە باقتى.

ۋېنئېر دەرھال سول قولى بىلەن شىشىخال قۇتىسىنى ئېلىپ، بىر تەرەپكە قويۇپ، كۈلگىنىچە:

— بۇ پەقەت مومامنىڭ تەلىيى، مەن مۇنداقلا تاشلىغان ئىدىم، — دېدى.

لى موماينىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى، بۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. بىر كۈنى لى موماي يۇيۇنۇپ - تارىنىپ كىيىملىرىنى كىيىپ، سىرتقا چىقىپ ھويلىدىكى شاپتۇل چېچەكلىرىنى كۆردى. ئوغلى بىلەن كېلىنىمۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، بىر دەمدىن كېيىن موماي سەل ھارغاندەك بولۇپ، ئارام ئالغىلى كىرىپ كەتتى، زېسۇن بىلەن سۇگرۇ كارىدوردا ئولتۇرۇپ قالدى.

سۇگرۇ خۇشال ھالدا:

— ئانامنىڭ كېسىلى ناھايىتى تېز ياخشىلاندى، ھېلىقى دوختۇرغا كۆپ رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك، دەسلەپتە مەن ئانامغا غەربچە دورا يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندا، ناھايىتى قورققان ئىدىم، كۆڭلۈمدىمۇ ھېچقانداق ئىشەنچ يوق ئىدى، ھازىر بەك ياخشى بولدى، — دېدى. زېسۇن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە:

— ھېلىمۇ ياخشى ۋېنئېرنىڭ كاللىسىنى ئىشلەتكىنى، — دېدى. سۇگرۇ دەرھال:

— مەنمۇ بىلىپ يەتتىم، راستىنلا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ... — دېدى. بۇ ۋاقىتتا ۋېنئېر كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ، سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ، كۈلگىنىچە:

— دادا، ئانا، مەن توغرۇلۇق يەنە نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىسىلەر، — دېدى. سۇگرۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى،

ۋېنئېر كۆلگىنىچە قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن:
— ئانا، بەك چىڭ سىقىۋەتتىڭىز، قولۇم ئاغرىپ كەتتى، — دېدى.

# بىر ئەسكەر

شىياۋلىك مەكتەپكە بېرىشتا، ھەر كۈنى بىر ھەربىي گازارمىدىن ئۆتەتتى. ئۇ سومكىسىنى قولتۇقلاپ، سەكرەپ-تاقلاپ مېڭىپ، ھېلىقى گازارمىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كەلگەندە، قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئەتىگەنلىك مەشىق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە قارايتتى. ئۇلار سەپكە تىزىلىپ، قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇرۇشاتتى، يالتىراپ تۇرغان مىلتىق نەيزىلىرى، سېرىق رەڭلىك ھەربىي كىيىملەر كۈن نۇرىدا ئىنتايىن ئوچۇق، رەڭلىك كۆرۈنەتتى. شىياۋلىك يان تەرەپتە ئۇلارغا جىممىدە قاراپ، ناھايىتى ھەۋەسلىنىپ كېتەتتى. ئۇ: «چوڭ بولسام، چوقۇم ئەسكەر بولىمەن، ھەربىي كىيىم كىيىپ، مىلتىق ئاسىمەن، شۇ چاغدا مىلتىقىمنىڭ ئۇچىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، زادى نېمىلەرنىڭ بارلىقىغا قاراپ باقىمەن» دەپ ئويلايتتى. بۇ خىيال ھەر كۈنى ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ دائىملىق ئادىتى بويىچە مەيداننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ مۈرىسىنى تۇتقىنىنى سەزدى، ئۇ كەينىگە شۇنداق قاراپلا، ئۇنىڭ دەرۋازىدا تۇرىدىغان ھېلىقى ئەسكەر ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئەسكەر ئۇنىڭ كەينىدە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. شىياۋلىكنى سەل سۈر باستى، لېكىن كېتىشكە پېتىنالمىدى. ئەسكەر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ساۋاقداش، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئىسمىم شىياۋلىك، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەسكەر يەنە:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى. شىياۋلىك:

— سەككىز ياشقا، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەسكەر مىلتىقىنى تۇتقىنىچە ئۆز-ئۆزىگە: «مەن ئۆيدىن ئايرىلغاندا، ئوغلۇم شېڭئېرمۇ سەككىز ياشتا ئەمەسمىدى؟» دەپ پىچىرلىدى.

شىياۋلىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاستا مېڭىپ سەل نېرىغا بېرىپ، غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئۇ كەينىگە قاراپ، ھېلىقى ئەسكەرنىڭ يەنىلا ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك داڭقېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.



ئۇ كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ، گازارمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھېلىقى ئەسكەر گازارمىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ئىدى، ئۇ شياۋلىڭنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەپ قول ئىشارىتى قىلدى. شىياۋلىڭ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەسكەر ئۇنى چاقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. شىياۋلىڭ ئۇنىڭ قارىمۇتۇق چىرايى، مۇڭلۇك كۆزلىرىدىن ناھايىتى مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قورقماي، قېشىدا ئولتۇرۇۋەردى ھەم ئاستا مىلتىقىغا قولىنى ئۇزاتتى. ئەسكەر كۈلۈپ تۇرۇپ مىلتىقنى ئۇنىڭغا بەردى. شىياۋلىڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال

بولۇپ، مىلتىق بىلەن ھەيلەشكىلى تۇردى، ئۇ بىر دەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. ئەسكەر يەنىلا ئەتىگەنكىدەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى، ئەسكەر تېخى شىياۋلىڭغا «شېڭئېر» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى، شىياۋلىڭمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇ ئەتىگەن-كەچتە بۇ يەردىن ئۆتكەندە مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ ئوينايدىغان، ھېلىقى ئەسكەرمۇ گازارما ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇلار ھەر كۈنى كۆرۈشسىمۇ، ئەمما كۆپ گەپ قىلىشمايتتى، شىياۋلىڭ مىلتىق ئويناش بىلەن بەنت بولاتتى، ئەسكەر بولسا بىر ياندا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەمما شىياۋلىڭ تېخى بالا ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كېلەڭسىز مىلتىقنى ئويناشتىن زېرىكىپ، گازارمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، قەدىناس دوستىنى كۆرگىلى بارمايدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئەسكەر ئۇنى قوغلاپ كەلسىمۇ، ئۇ بىزارلىق ھېس قىلىدىغان، ھەتتا ئەسكەرلەرنىڭ مەشىقىنى كۆرمەيدىغان، يىراقتىن ئۇ ئەسكەرنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا، بەدەر قاچىدىغان بولدى.

بىچارە ئەسكەر! شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ سەۋەبىي، ئۇماق بالا ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمايدىغان بولدى. لېكىن ئۇنىڭ شىياۋلىڭنى يەنە چاقىرىپ كېلىدىغان نېمە ھوقۇقى بولسۇن؟ شىياۋلىڭ بەرىبىر ئۇنىڭ بالىسى ئەمەس-تە!

بىراق، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن-كەچتە ئاۋۋالقىدەكلا شۇ يەردە شىياۋلىڭنى كۈتۈۋەردى، ئۇ شىياۋلىڭنى چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ، دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالاتتى. ئۇ يىراقتىن شىياۋلىڭنىڭ سەكرەپ-تاقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەم كۈلگىنىچە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرەتتى، ئاندىن دەرەخنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا چىقىپ، ئۇنىڭ قارىسى يوقىتكىچە قاراپ قالاتتى، مەڭزىدە بىر نەچچە تامچە

ئاچچىق ياش توختاپ قالاتتى.



ئۇ كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىلىپ-بىلمەي بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندە شياۋلىڭ يەنە مەكتەپكە ماڭدى، كوچىغا چىقىشىغىلا، ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر نەرسىنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى. سىنچىلاپ قارىسا، ئەسلىدە بىر كىچىككىنە ياغاچ مىلتىق ئىكەن، مىلتىقنىڭ سېپى قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە قەغەز قىستۇرۇلغان بولۇپ، «شېكېر، بۇنى ئوينىغىن، سېنى سۆيۈپ، قەدىناس دوستۇڭدىن» دەپ يېزىلغان ئىدى.

شياۋلىڭ مىلتىقنى ئېلىپ، خەتنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ، ئاندىن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ تۇيۇقسىز مىلتىقنى ئېلىپ مەيدانغا قاراپ قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇ قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى يولغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ،

گازارما قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە مىلتىقنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ، گازارما ئالدىدا ياشلانغان كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇرىدىغىنى ھېلىقى قارىمۇتۇق، مۇلايىم ئەسكەر بولماستىن، بەلكى سەبىي، ئوماق شياۋلىك ئىدى.

# غېرىبلىق

شياۋ شياۋ سىنىپتا دۆلەت تىلىدىن ئىمتىھان بېرىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە بىر ئىشنى باردەك، ئىمتىھان قەغىزىگە ئالدىراپ-تېنەپلا بىر نەچچە جۈملە يېزىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرغىلى ماڭدى، ئۇ قەغەزنى بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئوقۇتقۇچىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا:

— قەغىزىڭگە يەنە بىر قېتىم قاراۋەتكىن، خاتا يېزىلىپ قالغان خەتلەر بارمۇ-يوق، مەكتەپتىن تېخى قويۇپ بەرمىسە، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ — دېدى. ئۇ ئىلاجسىز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىمتىھان قەغىزىگە تىكىلىپ قارىدى، ئەمما كاللىسى تەگسىز خىياللار بىلەن بەنت ئىدى.

ئاخىر مەكتەپتىنمۇ قويۇپ بېرىلدى، جاۋ ئانا ئۇنى ئالغىلى كەلدى. ئۇ جاۋ ئانىنى كۆرۈپلا:

— كىچىك ئاپام بىلەن سىڭلىم كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. جاۋ ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەلدى، تېز ئۆيگە بارايلى، سىڭلىڭىز بەك قالتىس بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا ئۆيگە قاراپ ئۇچتى، جاۋ ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايتا-قايتا چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇ ئاڭلىمىغاندەك مېڭىۋەردى.

ئۇ ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىۋاتقاندا، ئانىسىنىڭ: «شياۋ شياۋ، تېز كىرىپ، كىچىك ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشكىن» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ بامبۇك پەردىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنىڭ بىر ياش ئايال بىلەن ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ دەرھال ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى، كىچىك ئاپىسى ئۇنى باغرىغا باستى، ئەمما ھېچنېمە دېمەي، كۆز يېشى قىلدى. ئانىسى:

— كىچىك ئاپاڭ ئارام ئېلىۋالسۇن، سەن سىرتقا چىقىپ

سىڭلىڭ بىلەن ئوينىاپ تۇر، ئۇ ئارقا هويلىدا بېلىقلارنى تاماشا قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ سىرتقا چىقىپ، دەھلىزنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سىڭلىسىنىڭ جاۋ ئانا بىلەن بېلىقدانىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سىڭلىسى سۇس كۆك رەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغان، قاپقارا چاچلىرىنى كەڭ سۇس كۆك رەڭلىك لېنتا بىلەن بوغۇۋالغان ئىدى.



جاۋ ئانا ئۇنىڭغا:

— قاراڭ، ئاكىڭىز كەلدى، — دېدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، جاۋ ئانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆلۈپ تۇردى. جاۋ ئانا:

— شياۋ شياۋ! سىلەر بىللە ئويناڭلار، مېنىڭ يەنە ئىشىم بار، — دېدى. شياۋ شياۋ سىڭلىسىنىڭ قېشىغا باردى، جاۋ ئانا ئىشىغا كەتتى. شياۋ شياۋ:

— سىڭلىم، بېلىقلىرىم چىرايلىقمىكەن؟ ھەممىسىنى ئارقىدىكى ئېرىقتىن تۇتۇپ كەلگەن، — دېدى. سىڭلىسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا تۇراتتى. شياۋ شياۋ ئۇنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرۈپ، باشقا گەپ قىلماي، بېلىقدانغا ئېڭىشىپ، بېلىقلارنى تاماشا قىلدى.

تاماق شىرەسىدە ئانىسى، كىچىك ئاپىسى، ئاكا-سىڭىل تۆتەيلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، سىڭلىسى ئۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا تونۇشتى. تاماقتىن كېيىن، ئانىسى بىلەن كىچىك ئاپىسى دەھلىزنىڭ سىرتىغا سالقىندىغىلى چىقىپ كەتتى، شىياۋ شياۋ بىلەن سىڭلىسى ئۆيدە ئويناپ قالدى. شىياۋ شياۋ نۇرغۇن ئويۇنچۇقلىرىنى چىقىرىپ، سىڭلىسى بىلەن چىراغ يورۇقىدا ئويناشقا باشلىدى. شياۋ شياۋ توختىماي سۆزلەپ تۇردى، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دېدى، سىڭلىسى بولسا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا تۇراتتى.

ئانىسى ياندىكى ئۆيدىن: «بالدۇرراق ئۇخلاڭلار، ئەتە... » دېيىشىگە، شياۋ شياۋ دەرھال: «ھېچقىسى يوق، مەن ئىمتىھاننى بېرىپ بولدۇم، ئەتە بىزنى قويۇپ بەرگەن، مەكتەپكە بارمايمەن» دېدى. ئەمما سىڭلىسى ھېرىپ كەتكەچكە، ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، ئۇخلىغىلى ماڭدى، شىياۋشىياۋمۇ ئامالسىز كارىۋىتىغا قاراپ ماڭدى، ئۇ:«ئەتە سىڭلىم بىلەن بىللىق تۇتۇشقا بارىمەن» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئەتىسى ئەڭ بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى، جاۋ ئانا ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئويغىتىشىغا يول قويمىدى، ئۇ ئىلاجسىز ھويلىدا ئۆزى يالغۇز ئويناشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، كىچىك ئاپىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، سىڭلىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقتى. كىچىك ئاپىسى شياۋ شىياۋنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «شىياۋ شىياۋ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەن، ئورنىدىن بەك بالدۇر تۇرىدىكەن!» دېدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تىنچلىق سورىدى.

ناشتىدىن كېيىن ئىككىيلەن سىرتقا چىقماقچى بولدى. ئانىسى:

— سىڭلىڭغا ئوبدان قارا، ئېرىقنىڭ سۈيى چوڭقۇر،

چۈشۈپ كەتمەڭلار، ئېھتىيات قىلىڭلار، كېيىمىڭلار ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن!» دېدى. شىياۋ شىياۋ شۇ زامان «بولىدۇ!» دېدى-دە، خۇشال ھالدا سىڭلىسى بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئارقا ئىشىكتىن ئۆتۈپ، سۈيى سۈپسۈزۈك بىر ئېرىقنىڭ قېشىغا باردى، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپيېشىل مەجنۇنتاللار سۇغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئىككىيلەن ئالدى بىلەن بىر نەچچە تال تاش تېرىپ، ئاندىن كېيىن سۇ بويىغا يوغان بىر تاشنى قويۇپ ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

سىڭلىسى:

— بىزنىڭ ئۇ يەردە ئېرىق يوق، ئىشىكنى ئاچساقلا چوڭ كوچىغا چىقىمىز، كوچىدا نۇرغۇن ماشىنا، ھارۋىلار ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، كەچتە كوچىنىڭ ھەممە يېرى چىراغلار بىلەن يورۇپ كېتىدۇ، بۇ يەردىن بەكلا ئاۋات، ئەمما بۇ يەردەك سالقىن ئەمەس، — دېدى. شىياۋ شىياۋ:



— مەن قاينام-تاشقىنلىقنى ياخشى كۆرمەن، ئەمما بۇ يەردە بېلىق تۇتىمەن، يەنە قىسقۇچپاقىمۇ بار. ياز كۈنلىرى دېھقانلار بۇغداي ئورۇپ، چوڭ ھارۋىلار بىلەن توشۇيدۇ. ياز

ئاخشاملىرى مەن ئانام بىلەن دائىم بۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سۇنىڭ ئېقىشى، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلدىشىنى ئاڭلايمەن، — دېدى. شياۋ شياۋ شۇنداق دېگەچ، ئېرىقتىكى يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

ئۇ تاش يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى، سىڭلىسى:

— ئاۋايلىغىن! ئېرىققا چۈشۈپ كەتمىگىن، — دېدى. شياۋ شياۋ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن قورقمايمەن، مەن نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتكەن، سەن پۈتۈمدىكى بۇ تارتۇقلارغا قاراپ باققىنە، — دېدى-دە، پايپىقىنى سېلىپ، پاقالچىقىنى سىڭلىسىغا كۆرسەتتى. سىڭلىسى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن قورقىمەن، تەۋرىنىدىغان نەرسىلەردىن ئەڭ قورقىمەن. مەكتەپتە ئېلەڭگۈچىمۇ ئېگىزرەك ئۇچالمايمەن، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، چۈنكى سەن دېگەن قىز بالا، — دېدى شياۋ شياۋ. سىڭلىسى:

— ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدۇ. ئۇلار پەقەت قورقمايدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ كۈلۈپ كېتىپ:

— شۇڭا سەن توخۇ يۈرەك قىز ئىكەنسەن-دە، — دېدى. سىڭلىسى ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

شياۋ شياۋ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ تۇيۇقسىز سورىدى:

— تۈنۈگۈن كىچىك ئاپام نېمىشقا يىغلايدۇ؟

— شۇ ئاكام ئۆلۈپ كەتتى، سەن بىلمەمسەن؟ ئەگەر ئانامنى ئازابلانمىسۇن دېمىسەك، بىز تېخى بۇ يەرگىمۇ كەلمەيتتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى سىڭلىسى.

— مەن ئانامنىڭ تاغامغا، كىچىك ئاپام بىلەن سېنى بۇ

يەرگە كېلىپ ئۇيناپ كەتسۇن، دەپ خەت يازغىنىنى ئاڭلىغان، شۇەن ئاكام زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى؟ — دېدى شىياۋ شىياۋ. سىڭلىسى تالىنىڭ چىۋىقى بىلەن سۇنى يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئاكام شۇ كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىدە ئوبدانلا ئىدى، بىز بىللە ئوينىغان ئىدۇق. ئۇ كەچتە هوشىدىن كەتتى، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، بىر نەچچە كۈن بولمايلا ئۆلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى ئانام دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەندە، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن ئىدى، مەن شۇ چاغدىلا ئاندىن بىلدىم. دادام ئاكامنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئانام كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ بىر يەرگە تىقىپ قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى، بىر دەرسلىك كىتابىمنى ئىزدەۋاتسام، ئۇ نەرسىلەر قولۇمغا چىقىپ قالدى، ئانام ئۇلارنى كۆرۈپ، يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ بىر هازا يىغلىدىم... سىڭلىسى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. شىياۋ شىياۋ ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، بىر دەمدىن كېيىن:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەنمۇ سېنىڭ ئاكاڭ، — دېدى. سىڭلىسى كۈلۈمسىرەپ:

— بىراق، سېنى مېنىڭ ئانام تۇغمىغان، سەن مېنىڭ ئۆز ئاكام ئەمەس-تە، — دېدى. شىياۋ شىياۋ گەپ قىلمىدى، ئۇ يەنە:

— ئىشقىلىپ ئوخشاش، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! ئاۋۇ تەرەپتىكى سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن يىڭناغۇچلارغا قارا، بىردەمدىن كېيىن يامغۇر ياغىدۇ، مەن ساڭا بىر نەچچىنى تۇتۇپ بېرەي، ئوينىغىن، — دېدى.

چۈشتىن كېيىن دېگەندەك يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، ئۇلار

ئاشخانىدىن بىر نەچچە تال ئۇزۇن يىپ تېپىپ، ئىككى ئۇچىغا يىڭناغۇچلارنى باغلىدى. ئۇلار يىپنى قويۇۋىدى، يىڭناغۇچلار ئۆي



ئىچىدە ئۇچۇشقا باشلىدى، ئەمما بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇلغاچقا ئېگىز ئۇچالمىدى. سىڭلىسى ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر يىڭناغۇچ ئۇچۇپ كېلىپ سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە قونۇۋالدى، يەنە بىر ئۇچىدىكىسى يىڭنىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېسىلىپ قېلىپ، ھەدەپ ئۇچماقچى بولاتتى، سىڭلىسى قورققىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى. شىياۋ شىياۋ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. سىڭلىسى جىددىيلىشىپ، ئۆزى ئورۇندۇقتىن سەكرەپ چۈشمەكچى بولدى. شىياۋ شىياۋ دەرھال ئورۇندۇققا چىقىپ، يىڭناغۇچلارنى تۇتۇۋالدى. سىڭلىسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى بەزلىگەچ يىپنى ئۈزۈپ، يىڭناغۇچلارنى قويۇپ بەردى.

يامغۇر بىر ياغقىنىچە ئۇدا بىر نەچچە كۈن يېغىپ، سىرتقا چىققىلى بولمىدى، شىياۋ شىياۋ بىلەن سىڭلىسى دەھلىزدە ئولتۇرۇپ، يامغۇرغا قارىغىنىچە چۆچەك ئېيتىشتى. شىياۋ شىياۋ ئاڭلىغان ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ تۈگەتتى، ئاخىر ئۆزى بىر چۆچەك توقۇماقچى بولدى-دە، ياخشى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر موماينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، كىچىكىنىڭ ئىسمى جۇ باجى، چوڭىنىڭ ئىسمى تۇ شىڭسۈن ئىكەن... —

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سىڭلىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— تـوغرا ئەمەس، جـۇ باجىنىـڭ ئانىسـى يـوق، ئۇنىـڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمىمۇ تۇ شىڭسۈن ئەمەس، بەلكى سۈن شىڭجې. سـەن مېنـى «غەربـكە سـاياھەت»نـى ئاڭلىمىغـان دەپ قالغـان ئوخشايسەن! — دېدى. شياۋ شياۋمۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىـڭ دېگىـنىم «غەربـكە سـاياھەت»تىكى جـۇ بـاجى ئەمەس، بەلكى باشقا جۇ بـاجى، — دېـدى. سىڭلىسـى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈپ قويۇپ:

— يالغـان ئېيتمـا، مەن سېنىڭ ئـۇنى توقـۇپ چىققىنىڭنـى بىلىمەن، — دېدى. شياۋ شياۋ گەپ قىلالماي:

— ئەمىسە، سەن بىرنى ئېيتقىنە، مەن ئـاڭلاي، — دېـدى. سىڭلىسى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېيتىشقا باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا... بۇرۇنقى زامانـدا بىـر پادىشاھ بولغـان ئىكەن، ئۇنىڭ مەلىكە شۆخۇا ئىسـىملىك بىـر قىـزى بـار بولـۇپ، ناھايىتى چىرايلىـق ئىـكەن... — مۇشـۇ يەرگە كەلگەنـدە، شـياۋ شياۋ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— كېـيىن بىــرى ئۇنىڭغــا زىيانكەشــلىك قىلىــدىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى. سىڭلىسى ئۇنىڭغا:

— تــوغرا، ســەن ئاڭلىغــان ئىكەنســەنغۇ، بولــدىلا، مەن ئېيتماي، — دېدى. شياۋ شياۋ شۇ ھامان:

— مەن ئاڭلىمىغـــان، مېـــنىڭچە شـــۇنداق، ئـــاخىرىنى سۆزلەۋەرگىن، — دېدى. سىڭلىسى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— كېـيىن پادىشاھنىڭ خانىشى ئۆلـۈپ كېتىـپ، يەنە بىـر خانىشنى نىكاھىغا ئېلىپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى... مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن... بۇ يېڭى خانىش مەلىكە شۆخۇانىڭ ئۆزىـدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ھەسەت قىلىـپ، بىـر كەمپىرنـى ئـۇنى بىـر قاقــاس تاغلىققــا ئاپىرىۋېتىــپ، زەھەرلىــك ئــالمىنى ئۇنىڭغــا

يېگۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ.... — شياۋ شياۋ ئالدىراپ:
— كېيىن بىرى كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپتىمۇ ؟ — دەپ سورىدى. سىڭلىسى كۈلۈپ قويۇپ:
— ئالدىرىماي تۇر، كېيىن قانداق بولغان، مەلىكە شۆخۋا ئامان قېلىپتۇ. پادىشاھ يېڭى خانىشىنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قوغلىۋېتىپ، مەلىكە شۆخۋانى قايتۇرۇپ كېلىپتۇ، ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، — سىڭلىسى سۆزلەشتىن توختىدى. شياۋ شياۋ يەنە:
— كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىدى. سىڭلىسى:
— كېيىن مۇشۇنداق بولۇپتۇ، تۈگىدى، — دېدى.
شياۋ شياۋ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلاپ:
— مەن چۆچەك ئاڭلىغاندا، خۇشاللىق مەزگىلىنى ئاڭلاشتىن ئەڭ قورقىمەن، بىر خۇشاللىق بولغاندىن كېيىنلا ھېكايە ئاخىرلىشىدۇ. ھەر قېتىم جاۋ ئانا چۆچەك ئېيتقاندا، بىر بولسا باي بولغان، بىر بولسا ئەمەلدار بولغان يەرگە كېلىپلا، خۇشاللىق بىلەن تۈگىتىدۇ، ھەقىقەتەن قىزىقى يوق! — دېدى. سىڭلىسى:
— چۆچەكنىڭ ھامان تۈگەيدىغان ۋاقتى بولىدۇ، تۈگىمەيدىغان چۆچەك بولمايدۇ، مەن كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغان چۆچەكلەرنى ئاڭلىسام، بىر نەچچە كۈنگىچە خىيالىمدىن كەتمەيدىكەن... — دېدى. شياۋ شياۋ تۇيۇقسىز بىر چۆچەكنى ئېسىگە ئېلىپ «ئاڭلامسەن؟» دېدى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:
— بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن... ئۇ 18 مىڭ ئالەمدىنمۇ چوڭ بىر ئامبار سالدۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا 18 مىڭ ئالەمدىنمۇ كۆپ گۈرۈچ توپلاپتۇ. بىر كۈنى قۇشقاچلار ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، ئۇلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، توپ-توپ بولۇپ ئۇچۇپ، قۇياش نۇرىنىمۇ توسۇۋاپتۇ. ئۇلار ئامباردىكى گۈرۈچنى

كۆرۈپ، بىر كىچىك كامارنى تېپىپ، بىر-بىردىن ئۇچۇپ كىرىشكە باشلاپتۇ...

چۈچەك شۇ يەرگە كەلگەندە سىگلىسى ئالدىراپ:

— مەن بىلىپ بولدۇم! 1- قۇشقاچ ئۇچۇپ كىرىپ، بىر تال گۈرۈچنى چىشلەپ چىقىدۇ، ئاندىن 2- قۇشقاچ كىرىپ يەنە بىر تال گۈرۈچنى چىشلەپ چىقىدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ، گۈرۈچنى بىر-بىرلەپ توشۇپ تۈگىتىدۇ شۇنداقمۇ؟ مەن شۇنى ئاكامدىن ئاڭلاپ بولغان، — دېدى. شياۋ شياۋ:

— ھەئە، بۇ چۆچەكنى توقۇغان ئادەم ناھايىتى قالتىس ئىكەن، دەرۋەقە ئۇنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى. سىگلىسى:

— مەن ئىشەنمەيمەن، 18 مىڭ ئالەمدىنمۇ جىق گۈرۈچ بولسىمۇ، نەچچە مىليارد، تىرىلياردتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئەگەر كېچە-كۈندۈز توختىماي سۆزلەيدىغان بولسا، بىر نەچچە يىلدىلا ئېيتىلىپ تۈگەيدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆيدىن ئانىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئىككىسى بىللە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كېچىدە يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيدى، تېخى توختىماي چاقماق چېقىلدى. شياۋ شياۋ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى، چۈنكى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كىچىك ئېرىقتا بىر نەچچە كۈنگىچە بارغىلى بولمايتتى، چۆچەكمۇ ئېيتىلىپ تۈگىدى، ئۆيدىمۇ ئوينىغۇدەك ئويۇن قالمىدى، ئويلا-ئويلا ئاخىر ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈش كۆردى، چۈشىدە سىگلىسىنى ئېلىپ، بىر قويۇق ئورمانلىققا كىردى، ئورمانلىقتا بىر چوڭ كۆل بار ئىدى. كۆل بويىدا مەلىكە شۆخۇاغا ئوخشايدىغان ئاق كىيىملىك بىر ئايال ئۆلارنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر چوڭ قەپەس بار ئىدى، ئىچىدە نۇرغۇن قۇشقاچ بار بولۇپ، ئالدىغا قاراپ كېتىپ

قالدى، بىردەمدىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولدى.

شىياۋ شىياۋ ئويغانغاندا ئاللىقاچان تاڭ يورۇپ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق ئىدى. ئۇ يەنىلا ئىشىنەلمەي، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قارىۋىدى، دەرەخ شاخلىرىدا قۇشلارنىڭ توختىماستىن چۇرۇقلىشىۋاتقانلىقىنى، قورۇ ئىچىنىڭ يامغۇر سۈيىگە تولغانلىقىنى، يېنىك شامال چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ئالدىراش كىيىنىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى، چۈشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

سىڭلىسى دەھلىزدە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاكا، ھاۋا ئېچىلىپتۇ، — دېدى. شىياۋ شىياۋ چاۋاك چېلىپ:



— شۇنداق، سەن ھويلىدىكى بۇ يامغۇر سۈلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن چىقىپ كېچىپ باقاي، — دېدى. سىڭلىسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ ئايىغى ۋە پايپىقىنى سېلىپ، سۇغا ئاستاغىنە كىردى، ئۇ كۈلگەچ:

— سۇ بەك سوغۇق ئىكەن، ئاستىدا مۇز بار ئىكەن، ناھايىتى سىلىق ئىكەن، — دېدى. ئۇ سۇ ئىچىدە ئاستا يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئايىغى ئاستىدىن سۇنىڭ شالاپلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سىڭلىسى دەھلىزدە تۇرۇپ:

— ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەن، مەنمۇ كىرەي، — دېدى. شىياۋ شىياۋ ئېگىشىپ، پۇچقىقىنى تۇرۇپ:

— سەن جۈرئەت قىلالىساڭ كىرگىن، بىز سۇدا يۈگۈرۈپ دۈگىلەك چىقىرىپ ئوينايلى، — دېدى. سىڭلىسى دەھلىزدە ئولتۇرۇپ، بىر پايپىقىنى سېلىپ تۇرۇشىغا، ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ كۆرۈپ قېلىپ:

— بۇنداق قىلماڭلار، شىياۋ شىياۋ، تېز قايتىپ چىق، سەن سىڭلىڭنى ئەگەشتۈرۈپ كەپسىزلىك قىلماقچىمۇ؟ — دېدى. سىڭلىسى دەرھال پايپىقىنى كىيىۋالدى. شىياۋ شىياۋ كۈلۈپ قويۇپ دەھلىزدىكى پايپىقىنى ئېلىپ، يالىڭاياغ پېتى مۇنچىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.



تاماقتىن كېيىن، ئانىسى: «ھەممىمىز سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كىرەيلى!» دېدى. كىچىك ئاپىسىنىڭ چىققۇسى كەلمىگەن بولسىمۇ، شىياۋ شىياۋ بىلەن قىزىنىڭ توختىماي نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئىلاجىسىز بىللە چىقتى. ئۇلار ئالدى بىلەن باغچىغا باردى، ئانىسى بىلەن كىچىك ئاپىسى بىر ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. شىياۋ شىياۋ سىڭلىسى بىلەن يۈگۈرۈپ سۇ بويىغا بېرىپ، ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆردەكلەرنى تاماشا قىلدى، ئاندىن يەنە كىچىك تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يامغۇردىن كېيىن كىچىك تاغ بىلەن ئورمانلىق پاكىزلىنىپ، تېخىمۇ ياپيېشىل بولۇپ كەتكەن ئىدى، تاغ

كەيندىكى چىتلاق ئېچىدىكى ياۋا يەسىمەنلەر ناھايىتى تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشاپ قالغان، كۆلچەكتىكى نىلۇپەرلەرمۇ ھۆپپىدە ئېچىلغان، سۇ بويىغا بىر قولۇاق باغلاپ قويۇلغان ئىدى. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولۇاققا چىقىپ ئوينىماقچى بولدى، ئۇلار قولۇاقنىڭ قېشىغا چۈشەيلى دەپ تۇرۇشىغا، ئانىسىنىڭ تاغ باغرىدىكى راۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى قايتىپ كېلىڭلار، دەپ قول ئىشارىتى قىلىۋاتقىنىنى كۆردى.

ئۇلار راۋاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كىچىك ئاپىسىنىڭ ناھايىتى زەئىپ ھالدا راۋاقنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، كۆزلىرى ياش يۇقى ئولتۇرغىنىنى كۆردى. سىڭلىسى دەرھال بېرىپ، گەپ قىلماستىن ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يۆلەندى. ئانىسى پەس ئاۋازدا:

— بىز قايتايلى، كىچىك ئاپاڭنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولۇپ قاپتۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ ماقۇل دەپ ئۇلار بىلەن باغچىدىن قايتىپ چىقتى.

شياۋ شياۋ ماشىنىدا ئانىسىدىن ئاستاغىنە:

— كىچىك ئاپام نېمىشقا يەنە يىغلايدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئانىسى:

— كىچىك ئاپاڭ مېنىڭ ساڭا بىر كىچىك چىغ قالپاق ئالغىنىمنى، ئۇنىڭ نۇسخىسىنىڭ ناھايىتى چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، شۇەن ئاكاڭغىمۇ بىرنى ئالغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇشتۇمتۇت شۇەن ئاكاڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئويلاپ، يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال قايتىپ چىقتۇق، قارا، ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى نېمىدېگەن چوڭقۇر-ھە! — دېدى. ئانىسى گەپ قىلغاچ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، شياۋ شياۋمۇ ئۈندىمىدى.

ماشىنا قەنت-گېزەك شىركىتىنىڭ ئالدىدا توختىدى، كىچىك

ئاپىسى سىڭلىسى ۋە شياۋ شياۋغا ئىككى قاپتىن كەمپۈت ئالدى. شياۋ شياۋ كىچىك ئاپىسىغا رەھمەت ئېيتتى، ئۆزى يەنە بىر بوتۇلكا بانان مېيى ئالدى. كىچىك ئاپىسى ئۇنىڭدىن:

— بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شياۋ شياۋ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۆيگە بارغاندا ماروژنى ياساپ بېرىمەن، — دېدى. ئۆيگە كەلگەندە، كىچىك ئاپىسى ھېرىپ قالغان ئىدى، شۇڭا سىڭلىسى ئۇنىڭ بىلەن ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتى. شياۋ شياۋ ئۆزى يالغۇز چىقىپ ئۇياق-بۇياقنى چېپىپ يۈرۈپ، ماروژنى ياسايدىغان چېلەكنى تېپىپ، ئەتە ماروژنى ياساشقا تەييارلاپ قويدى.

زاۋال ۋاقتىدا سىڭلىسى ئويغاندى، قاتتىق ئۇخلىغىنىدىن يۈزلىرى تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، «بەك ئىسسىق ئىكەن» دېدى. ئانىسى ئۇنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى ھەم ئۇنىڭ چېچىنى يۇيۇپ قويدى، شياۋ شياۋ بىر چوڭ يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، دەھلىزدە تۇرۇپ كۈچ بىلەن ئۇنى يەلپۈشكە باشلىدى. سىڭلىسى يۈزىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى قايرىغاچ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— بولدى، يەلپۈمىگىن، مەن توڭغاندەك قىلىمەن، — دېدى. شياۋ شياۋ:

— ئۇنداقتا، بىز سىرتقا چىقىپ، دەرەخ ئاستىدا سەگىدەپ كىرەيلى، بىردەم شامالدىساڭلا چاچلىرىڭ قۇرۇپ كېتىدۇ، — دېدى. ئىككىيلەن سىرتقا چىقىپ، دەرەخ يىلتىزىدا ئولتۇردى.

گۇگۇم ۋاقتىدا ھىلال ئاي مەجنۇنتاللارنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، يىراقتىن ماشىرەڭ كىيىملىك پوچتىكەشنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شياۋ شياۋ ئۇنى كۆرۈپ يەلپۈگۈچنى قويۇپ، قېشىغا بېرىپ، ئىككى پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. سىڭلىسى ئالدىراپ سورىدى:

— كىمدىن كەلگەن خەت ئىكەن؟ — شياۋ شياۋ خەتكە

قاراپ:

— بىرى دادامدىن كەپتۇ، يەنە بىرى تاغامنىڭ ئوخشايدۇ. سەن ساقلاپ تۇر، مەن خەتلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي، — دەپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شياۋ شياۋ هايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. سىڭلىسى:

— دادامدىن خەت كەلگەن بولسا، چوقۇم بىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ:

— مەن بىلمىدىم، ئەگەر سەن كەتسەڭ، مەن چوقۇم ساڭا خەت يازىمەن، خەتنى «سىڭلىم سۇڭ ئەپەندى، ياخشىمۇسەن؟» دەپ باشلايمەن، — دېدى. سىڭلىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ مەكتەپتىكى ئىسمىم «سىڭىل» ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن باشقىلارنىڭ مېنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىرىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن باشقىلارنىڭ مېنى «خېنىم» دەپ چاقىرىشىنى ياخشى كۆرىمەن. دادام ئادەتتە جەنۇبتىن خەت يازغاندا، مېنى دائىم «خېنىم» دەيتتى، — دېدى. شياۋ شياۋ:

— ئۇنداقتا ياخشى، سېنىڭ مەكتەپتىكى ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. سىڭلىسى جاۋاب بەرمىدى.

شياۋ شياۋ يەلپۈگۈچنىڭ بىر چېتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— دادامنىڭ ئەنگلىيىگە كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى، ئىككى ھەپتىدە دېگۈدەك بىر پارچە خەت يازىدۇ، بەزىدە بىر نەچچە پارچە خېتى بىراقلا كېلىدۇ. كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە چەت ئەلچە خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، مەن ئوقۇيالمايمەن، لېكىن ئانام: «ئۈستىدىكىسى سېنىڭ ئىسمىڭ ئىكەن» دەيدۇ، — دېدى.

— سەن نېمىشقا چوڭ دادام بىلەن بىللە ئەنگلىيىگە بارمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى سىڭلىسى. شياۋ شياۋ بېشىنى چايقاپ:

— ئانام بارمىغان ئىدى، مەنمۇ بارمىدىم. مەن پەقەت

ۋەتىنىمنى، ئۇنىڭ دەرەخلىرى، سۇلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئەنگلىيىنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇ يەردىكى باللارنىڭ ھەممىسى سېرىق چاچ، كۆك كۆز، — دېدى. سىگلىسى:

— بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز دائىم بىزمۇ چەت ئەللەرنى ياخشى كۆرۈشىمىز كېرەك، دەيدۇ، مېنىڭچە ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، — دېدى. شياۋ شياۋ:

— سەن چەت ئەلنى ياخشى كۆرسەڭ كۆرىۋەر، ئىشقىلىپ مەندە ۋەتىنىمنى سۆيىدىغان بىرلا يۈرەك بار، بۇنداق يۈرەك بولمىغاندا ئاندىن باشقا دۆلەتلەرنى ياخشى كۆرسەم بولىدۇ، — دېدى. سىگلىسى چاچلىرىنى سىلىغاچ:

— بىر يۈرەكنى بىر قانچىگە بۆلگىلى بولىدىغۇ، مەسىلەن، مەن بىرلا يۈرىكىم بىلەن دادامنى، ئانامنى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىمەن... — دېدى. بۇ چاغدا، شياۋ شياۋ تۇيۇقسىز ئاسمانغا قاراپ:

— سىگلىم، قارا! — دېدى. سىگلىسى گېپىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرگەندە، ناھايىتى كىچىك بىر يۇلتۇز ئۇزۇن يورۇقلۇق قالدۇرۇپ، ئاسماننى كېسىپ ئۆتۈپ، چەكسىز بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى.

بارا-بارا قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇلارمۇ ئۆيگە قايتىشتى. ئىككى پاكار ئورۇندۇق ۋە بىر يوغان ئورۇندۇقنى تىزىشىپ، هويلىدا كەچلىك تاماق يېيىشتى. ئانىسى ئارقىسىدىن سىگلىسىنىڭ چېچىنى چۇۋۇپ، ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. شياۋ شياۋ:

— چېچى بولسا نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىق! مەن ھەر كۈنى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرغاندا چاچ تارايمەن دەپ ئاۋارە بولمايمەن، چېچىمنى يۇيىمەن دەپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلمايمەن، — دېدى. سىگلىسى:

— لېكىن، ئانام چاچتا بىر خىل نەپىس گۈزەللىك بار

دەيدۇ، ــ دېدى. شياۋ شياۋ بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ بەلكىم، بىراق مەن مۇشۇنداق، چېچى بولۇشىنى گۈزەللىك دەپ قارىمايمەن، ــ دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كىچىك ئاپىسمۇ كۈلۈۋەتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردىن تارتىپ، شياۋ شياۋ جاۋ ئانىغا ھېلىقى چېلەكنى يۇيغۇزۇش، مۇز ۋە تۇز سېتىۋېلىپ، ماروژنى ياساش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئانىسى ئۇلارنىڭ خۇرۇچلىرىنى تەگشەپ بەردى، ئىككىيلەن ھويلىدىكى چېلەكنى تەۋرىتىشكە باشلىدى.

شياۋ شياۋ تۇۋاقنى بىردەم-بىردەم ئېچىپ قاراپ بېقىپ، «بولدى» دەيتتى، ئەمما تېخى سۇيۇق تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. سىڭلىسى كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ئالدىرىما، تېخى ئۇيۇمىدى، تۇۋاقنى ئېچىپ-يېپىۋەرسەڭ، تۇزنىڭ ھەممىسى ئېرىپ كېتىدۇ، ــ دەيتتى. شياۋ شياۋ يەنە ئازراق ئۇسۇپ تېتىپ بېقىپ، سۆزلەپ كەتتى:

ــ تەمى يوق، بەك تۇزسىز بولۇپ قاپتۇ، يەنە ئازراق شېكەر قوشۇش كېرەك. سىڭلىسى:

ــ بولىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن شياۋ شياۋ يەنە ئازراق ئاپپىلسىن شېكىرى قوشتى، يەنە ھېلىقى بىر بوتۇلكا بانان مېيىنىڭ ھەممىسىنى قۇيىۋەتتى. تېتىپ بېقىپ، بەك تاتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يەنە ئازراق قايناقسۇ قۇيدى.

سىڭلىسى ھۆل بولۇپ كەتكەن قوللىرىدا يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ:

ــ ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، مەن ئەمدى تەۋرەتمەيمەن، ــ دېدى. شياۋ شياۋ:

ــ بولدى، مەن قىلاي، سەن ئولتۇرۇپ بىر دەم ئارام ئېلىۋال، ــ دېدى.

بىر ھازا تەۋرەتكەندىن كېيىن، شىياۋ شىياۋمۇ ھېرىپ قېلىپ:

— چوقۇم تەييار بولدى، بىز ئۇسۇپ تېتىپ باقايلى، — دېدى. سىڭلىسى ئازراق ئېلىپ تېتىپ بېقىپ، بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى. شىياۋ شىياۋمۇ تېتىپ بېقىپ، سىڭلىسىدىن سورىدى:

— تاتلىق بولۇپتىمۇ- يا؟ — سىڭلىسى كۈلۈپ قويۇپ:

— بىز ئادەتتە يەيدىغان ماروژنىنىڭ تەمىگە ئوخشىمايدىكەن، ئازراق چۈچۈمەل ھەم تۇزلۇق ئىكەن، — دېدى. شىياۋ شىياۋ ئىستاكاننى قويۇپ، ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— چۈچۈمەل، تۇزلۇق دېگەن نېمە گەپ ئۇ، ئىشقىلىپ تاتلىق بولماپتىغۇ، بولدىلا، جاۋ ئانىغا بېرىۋېتەي، — دېدى.

ھاپىلا-شاپىلا يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، شىياۋ شىياۋ چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ:

— يەنىلا قىسقۇچپاقا تۇتقىلى بارغىنىمىز تۈزۈك ئوخشايدۇ، بىز يېرىم كۈن ماروژنى بىلەن ھەپىلىشىپ ئىسسىپ كەتتۇق، دەرەخ سايىسىغا بېرىپ سەگىدەپ كېلەيلى، — دېدى. سىڭلىسى قارماق، يەمچۈكلەرنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. شىياۋ شىياۋ:

— قارا، ئاۋۇ يەردىكى دەرەخ ئاستىدىكى سۇدا بىر چوڭ تاش بار ئىكەن، بىز شۇ يەردە ئولتۇرايلى، سۇ چوڭقۇر بولسا ياخشى تۇتقىلى بولىدۇ، سەن قورقساڭ، مەن سېنى يۆلەپ ئۆتكۈزىمەن، — دېدى. سىڭلىسى «مەن قورقمايمەن» دېگەچ، سۇ بويىدىكى تاشلارنى دەسسەپ، قارماقنى ئېلىپ، ئاستا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

يامغۇردىن كېيىن ئېرىقنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ، تاش قولۋاققا ئوخشاپ قالغان ئىدى، مەيىن شامال سۇنى سىيپاپ ئۆتەتتى، مەجنۇنتاللارنىڭ ياپراقلىرى شىلدىرلىماقتا ئىدى. تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغان، ئېتىزلىقلار ۋە مەھەللىدىكى ئۆيلەرگە كۆز يەتمەيتتى. سىڭلىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بۇ جاي بەك ياخشى ئىكەن، مېنىڭ كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ:
— بۇ تاش— بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، مەن بۇ يەرنىڭ زۇڭتۇڭى، سەن ئەسكىرىم بولغىن، — دېدى. سىڭلىسى:
— مەن ئەسكەر بولمايمەن، مەن مىلتىق ئېتىشنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلتىقنىڭ ئاۋازىدىن قورقىمەن، — دېدى. شياۋ شياۋ:
— ئۇنداقتا سەن زۇڭتۇڭ بولغىن، مەن سېنىڭ ئەسكىرىڭ بولاي، كېيىن بۇ تاش سۇ بىلەن ئېقىپ دېڭىزغا قوشۇلۇپ، باشقا بىر دۇنياغا ئايلىنىدۇ، — دېدى. سىڭلىسى:
— ئۇنداقتا ياخشى بولمايدۇ، مېنىڭ ئانامدىن ئايرىلغۇم يوق، مەن چاچ تاراشنى ئۇقمايمەن، — دېدى. شياۋ شياۋ:
— چاچ تاراشنى بىلمىسەڭ ھېچقىسى يوق، ماڭا ئوخشاش چېچىڭنى كېسىۋەتسەڭ بولمامدۇ، — دېدى. سىڭلىسى:
— چاچ تاراشلا ئەمەس، يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئانا بولمىسا بولمايدۇ، ئانا بولمىسا، دۇنيامۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ:
— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئانامنى ئېلىۋالاي، لېكىن بۇ تاشقا پاتمايدۇ، — دېدى. سىڭلىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، قارماق دەستىسىدە كۆرستىپ تۇرۇپ:
— بىز يەنە ئاۋۇ تاشنى يۆتكەپ كېلەيلى، — دېدى.
باياتىن دېگەندەك، يامغۇردىن كېيىن تاش ئۈستىدىكى مۇخلار ناھايىتى سىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا سىڭلىسى مەزمۇت تۇرالماي، تېيىلىپ كەتتى. شياۋ شياۋ دەرھال ئۇنى تۇتۇۋالدى، سىڭلىسى سۇ ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى، قارماق دەستىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ سىڭلىسىنى تەسلىكتە يۆلەپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ

كەتكەن بولۇپ، ھەر ئىككىسى قورقۇپ كەتكەن ئىدى. شياۋ شياۋ دەرھال:

— بېرەر يېرىڭ قاتتىق تەگمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى. سىڭلىسى بېغىشىغا قاراپ:

— قولۇمنىڭ تېرىسى ئازراق سۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن كېرەك يوق، كىيىمىم ھۆل بولۇپ كەتتى شۇ، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى. شياۋ شياۋ ئۇنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قورقما، مەندە قولياغلىق بار، ئالدى بىلەن يۈز-كۆزۈڭنى سۈرتىۋال، بىز ئاپتاپقا قاقلانساق، بىردەمدىلا قۇرۇپ قالىمىز، ئەگەر ئۆيگە قايتىپ كىيىم ئالماشتۇرىمەن دېسەڭ، چوقۇم كىچىك ئاپامدىن تىل ئاڭلايسەن، — دېدى. سىڭلىسى بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى.



شياۋ شياۋ دەرەخ سايىسىدا تۇرۇپ، سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە قارىدى، ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. سىڭلىسى:

— مەن بەك ئىسسىپ كەتتىم، بېشىم قېيىۋاتىدۇ، — دېدى.

شياۋ شياۋ:

— كىيىمىڭ قۇرۇدىمۇ، — دەپ سورىدى. سىڭلىسى بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— نەدىمۇ ئۇنداق تېز قۇرۇيدۇ، — دېدى. شياۋ شياۋ:
— ئۆيگە بېرىپ كۆنلۈك ئېلىپ كېلەي، بېشىڭغا كۆنلۈك تۇتۇپ، قالغان يېرىڭنى ئاپتاپقا قاقلايلى، — دېدى. سىڭلىسى بېشىنى لىڭشىتتى، شياۋ شياۋ دەرھال ئۆيگە چاپتى.
ئۇ ھەممە يەرنى ئىزدەپ كۆنلۈكنى تاپالمىدى، جاۋ ئانا ئۇنى كۆرۈپ:
— شياۋ شياۋ خوجام، نېمىنى ئىزدەۋاتىسىز؟ ئانىڭىز بىلەن كىچىك ئاپىڭىز چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتىدۇ، سىز ھەممە نېمىنى ئۈگتەي-تۈگتەي قىلىۋەتتىڭىز، — دېدى. شياۋ شياۋ ئامالسىز ئۇنىڭغا ئاستاغىنە بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى. جاۋ ئانا چۆچۈپ كېتىپ:
— تاپقان ئەقلىڭىزنى قاراڭ! ناۋادا ئاپتاپ ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق، — دېگىنىچە، دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. پېشانىسىنى سىلاپ، ئوتتەك قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر قاچا ماش شورپىسى ئىچۈرۈپ، ئازراق ئىسسىتما قايتۇرۇش كۈملىچى ئېلىپ ئۇنىڭغا پۇراتتى، ئاندىن ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ دەھلىزدە جىمجىت ئولتۇردى، ئارىلاپ-ئارىلاپ شياۋشياۋدىن ئاغرىنىپ قويدى. سىڭلىسى جاۋ ئانىنىڭ قۇچىقىدا ھالسىز ئولتۇرۇپ:
— ئاكامنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۆزۈم يىقىلىپ چۈشتۈم، — دېدى. شياۋ شياۋ بۇ چاغدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى.
كەچتە سىڭلىسى قۇسۇۋەتتى، تاماقمۇ يېمىدى. كىچىك ئاپىسى ئىنتايىن تىت-تىت بولدى. ئانىسى:
— ئۇنىڭغا چوقۇم ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەتە سەھەردە

دوختۇر چاقىرايلى، ــ دېدى. جاۋ ئانا ھېچنېمە دېمىدى، شياۋ شياۋ ئۆزىدىن ئۆزى قورقۇپ يۈردى. ئەتىسى سەھەردە سىڭلىسى چىقىپ كەلگەندىلا ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

ئۇلار سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆيدىلا ئوينىدى. ھەشقىپېچەك يامىشىپ كەتكەن بامبۇك خادىنى تارتىپ ئالدى، ئاندىن بىر نەچچە تال چىتتىنى يۇلۇپ ئالدى، ئارقىدىن ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ چېتىپ، دەرەخ ئاستىغا بىر كىچىك كەپە ياسىدى ھەم ئۇنىڭغا ئىشىك ئورناتتى. ئىككىيلەن بىر كۈن ھەپىلەشتى، قاراڭغۇ چۈشۈپ، جاۋ ئانا ئۇلارنى كەچلىك تاماققا چاقىرغاندىلا، ئاندىن ئىشنى قويۇپ ئۆيگە كىردى.

ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سىڭلىسى كېلىپ ئەمدى شياۋ شياۋنىڭ ھەمراھى بار بولدى، ئۇنىڭ ھەتتا تاماق يېيەلمىگۈدەك كارى بولمايدىغان بولدى، ئەتە تاغاڭ كېلىپ سىڭلىڭنى ئېلىپ كەتسە، قانداق قىلارسەن؟ ــ دېدى. شياۋ شياۋ كۈلۈپلا قويدى، ئىككىيلەن تاماق شىرەسىدىمۇ توختىماستىن كەپە ياساش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى.

ئەتىسى دەل شياۋ شياۋنىڭ مەكتىپىدە «نەتىجە كۆرگەزمىسى» ئېچىلدى، سەھەردە ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى يىغىلىپ، مەكتەپ مارشىنى ئېيتىشنى مەشىق قىلدى. نۇرغۇن ساۋاقداشلار شياۋ شياۋنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماقچى بولدى. شياۋ شياۋ سىڭلىسى بىلەن كەپە ياساش ئىشىنى ئويلاپ، بارغىلى ئۇنىمىدى، ئەمما ساۋاقداشلىرى ئۇنى بارمىساڭ بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئىلاجسىز سىڭلىسىغا كەپىنى قانداق ياساشنى تاپىلىدى ھەم «چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، سەن ئالدى بىلەن ئۆگزىنىڭ توقۇغاچ تۇر» دېدى. سىڭلىسى ماقۇل بولدى، ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن مەكتەپكە كەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى ئۇزۇنىدا كەلدى. ناخشا ئېيتىلىپ، يەنە يېرىم كۈن ئۆتۈپ كەتتى، شىياۋ شىياۋ يىغىنىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇرالماي، غىپپىدە قايتىپ چىقتى. كىتابخانىدىن ئۆتكەندە، يېپەكتە ياسالغان كىچىك دۆلەت بايرىقى سېتىۋېلىپ، خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— سىڭلىم، مەن ساڭا دۆلەت بايرىقى ئېلىپ كەلدىم، بىز ئۇنى كەيمىزگە قاداپ قويايلى... — دېدى. جاۋ ئانا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، سىڭلىسىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شىياۋ شىياۋ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ:

— سىز مېنى كولدۇرلىتىۋاتمايدىغانسىز؟ — دېدى-دە، دەھلىزگە قاراپ چاپتى، ئۇ يەردە پەقەت ئانىسىنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ سورىدى:

— سىڭلىمچۇ؟

ئانىسى قەلەمنى قويۇپ:

— سەھەردە تاغاڭ ئالغىلى كەلگەن ئىكەن، سائەت ئونىنىڭ ماشىنىسىدا كىچىك ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭ كېتىپ قالدى، — دېدى. شىياۋ شىياۋ داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىپ:

— نېمىشقا ماڭا بۇرۇن دېمەيسەن، — دېدى. ئانىسى:

— تۈنۈگۈن كەچتە ساڭا دېگەنتىمغۇ، ئالدىنقى كۈنى تاغاڭدىن خەت كەلگەن، خەتتە بەش كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ، ئائىلىسىنى جەنۇبقا كۆچۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى يېزىپتىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇنچە تېز كېتىپ قالىدىغىنىنى ئويلىمىغان. سىڭلىڭ كەتكىلى ئۇنىمىغان ئىدى، كىچىك ئاپاڭ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى قىسلىقىنى ئېيتىپ، نەرسىلىرىنى يىغىشتۇردى، مەنمۇ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمىدىم، — دېدى. شىياۋ شىياۋ:

— ئەمىسە جاۋ ئانا نېمىشقا مەكتەپكە بېرىپ مېنى چاقىرىپ كەلمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئانىسى:

— ئۇ چاغدا ھەممەيلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ ئىش ھېچقايسىمىزنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ، — دېگەچ يەنە خېتىنى يېزىشقا تۇتۇندى. شياۋ شياۋ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، گەپمۇ قىلماستىن چىقىپ كېتىپ، دەھلىزدە دۆلەت بايرىقىنى قولىغا ئېلىپ جىمىدە ئولتۇردى.

چۈشتىن كېيىن، شياۋ شياۋ خېلى ئۇزۇن ئۇخلىدى، زاۋال ۋاقتىدا ئاندىن ئويغاندى، تامىقىنى ئالدىراپلا يېدى، ئىچى پۇشۇپ چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرغاندا، جاۋ ئانا كىرىپ:

— مېنىڭ قايچام قېنى؟ — دەپ سورىدى. شياۋ شياۋ:

— مەن كۆرمىدىم، — دېدى. جاۋ ئانا:

— تۈنۈگۈن سىز سىڭلىڭىز بىلەن چىت توقۇيمىز دەپ ئارغامچا كەسكىلى ئېلىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭىز، — دېدى. شياۋ شياۋ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئاۋۇ تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويغان، ئۆزىڭىز بېرىپ ئېلىڭ، — دېدى. جاۋ ئانا چىقىپ كەتتى، ئانىسى:

— سېنىڭدەك كەپسىز بالىنى كۆرمەپتىكەنمەن، قانداقلا نەرسە ئۇچرىسا ئېلىپلا ماڭغان. تۈنۈگۈن ھېلىقى ھەشقىپىچەكلەرنىڭ قىڭغىر-سىڭغىر بولۇپ قالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە، ئەسلىدە بامبۇكلارنى سەن يۇلۇپتىكەنسەن-دە. يەنە كەپسىزلىك قىلىپ ئۆيىنىمۇ قالايمىقان قىلىۋېتىپسەن، ئەمدى سىڭلىڭ كەتتى، دەرسلىرىڭنى ئوبدان تەكرارلا، كۈن بويى ئويناپلا يۈرسەڭ، شۇمۇ ئىشمۇ! — دېدى. شياۋ شياۋنىڭ ئىچى سىقىلىپ ئاران تۇرغاندا، ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شىرەگە دۈم يېتىپ يىغلىۋەتتى، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن كارى بولمىدى.

ئۇ بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ،

ئۇخلىغىلى ماڭدى. ئانىسى ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ، ئورۇن راسلاپ بەردى ھەم سىپايىلىك بىلەن:

— ئوبدان قوزام، ياخشى ئۇخلىغىن، ئەتە سەھەردە سىڭلىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنى چاغانىدا يەنە كېلىشكە تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى. ئۇ ئۆكسۈشتىن ئاران توختاپ ماقۇل بولۇپ، ئورنىدا ياتتى. ئانىسى كارىۋات قېشىدا بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ قايتىدىن ئولتۇرۇپ، دېرىزە سىرتىغا قارىدى. پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە! تولۇن ئاي پۈتكۈل ھويلىنى، ھەممە يەرگە يېيىلغان ھەشقىپېچەكلەرنى، تامنىڭ بىر چېتىدىكى پۈتمىگەن بامبۇك كەپىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. كەپىنىڭ ئىشىكى يېرىم ئېچىقلىق بولۇپ، ئۆگزىسىمۇ توقۇلۇپ بولغان، ئەلۋەتتە بۇلارنى سىڭلىسى قىلغان ئىدى...

ئۇنىڭغا يەنىلا كۆڭۈلسىز بىلىنىپ پەردىنى يېپىپ، قايتىدىن ياتتى. ئۆينىڭ كەينىدىن ئېرىق سۈيىنىڭ شىرىلداپ ئاققان، يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ياخشى ئىشلارنى ئويلىدى. قولىنى ياستۇق قىلىپ ياتتى... ئۇ ئۇخلاش كىيىمى ۋە يوتقان-كۆرپىلىرىگە قارىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاي نۇرىدا قاردەك يالتىراپ تۇراتتى. مەيىن شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئۇ ئىختىيارسىز ياستۇققا بېشىنى پۈركەپ يىغلىۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئايمۇ، سۇمۇ، سىڭلىسىمۇ، بامبۇك كەپىسىمۇ يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئالەمدىكى غېرىبلىقنىڭ مۇڭى بولۇپ، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

# ئوبدان ئانام

بۈگۈن سەھەردە، ئىنىم بىلەن سىڭلىم چۇرقىراشقىنىچە مېنى ئويغىتىۋەتتى. ئىنىم سىڭلىمنى، پايپىقىمنى ئېلىۋالدى دەپ، سىڭلىم ئىنىمنى، كىيىمىمنى كىيىۋالدى دەپ، ئىككىسى كارىۋاتتا قالايمىقان تارتىشىپ، كىيىملىرىمنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. مەن جىلە بولۇپ:

— ئانا، تېز كەلگىنە، ئۇلار يەنە ئۇرۇشتى، يەكشەنبە كۈنىمۇ ئادەمنى تۈزۈك ئۇخلىغىلى قويمىغان، — دەپ ۋارقىرىدىم.



دادام ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ، ئاستاغىنە:

— ئۇرۇشماڭلار، ئاناڭلار تاماق ئېتىۋاتىدۇ، سىلەر دائىم ئاناڭلارنى ئارامىدا قويمايسىلەر، — دېدى. دادام گەپ قىلغاچ ئۇلارنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مەن يەنە يوتقانغا كىرىپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم، ئەمما ھەر

قانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەنە ئەترەت پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، ئانام كىيىملىرىمنى يۇيۇپ قويغانمىدۇ؟ مېنىڭ تەكرارلايدىغان دەرسلىرىم يەنىلا جىق تۇراتتى، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن چوقۇم تەكرارلاپ تۈگەتمىسەم بولمايتتى. يەكشەنبە كۈنى ھەمىشە مەن ئەڭ ئالدىراش كۈن بولىدۇ.



مەن بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇخلىيالماي، دەرھال كىيىمىمنى كىيىپ، يوتقىنىمنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، ئالدىراش سىرتقا چىقتىم، يۈزۈمنى يۇيۇپ، چېچىمنى تارىدىم، ئاندىن تاماق شىرەسىگە بېرىپ ناشتا قىلغاچ، ئانامدىن:

— تۈنۈگۈن مەن سېلىپ قويغان مەكتەپ فورمامنى يۇيۇپ قويدىڭىزمۇ؟ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئەترەت پائالىيىتىگە قاتناشقاندا كىيەتتىم، — دېدىم.

ئانام ئۆيىنى يىغىشتۇرغاچ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن:

— سەن ئۇ كىيىمنى يېڭىلا ئالماشتۇرغانغۇ؟ نېمىشقا بىر دەمدىلا كىر قىلىپ بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

مەن جىددىيلىشىپ:

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن يېڭىگە ساۋاقداشلىرىم سىياھ تۆكۈۋېتىپتۇ، تۈنۈگۈن كەچتە سېلىۋەتكەندە، سىزگە دېيىشنى

ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئىشقىلىپ بۇگۈن مەن ئۇ كىيىمنى كىيىپ بارمىسام چاتاق چىقىدۇ، — دېدىم.

ئانام ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— بولىدۇ، مەن ئىشىمنى قىلىپ بولۇپلا يۇيۇپ بېرەي، لېكىن ۋاقتىدا قۇرامدۇ-قۇرۇمامدۇ، بىر نېمە دېيەلمەيمەن، سەن نېمىشقا يەنە ئەترەت پائالىيىتىگە قاتنىشىسەن؟ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىشىم بار، سەن ئىنىڭ بىلەن سىڭلىڭغا قاراپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى.

مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ، بېشىمنى چايقاپ:

— بولمايدۇ، ئەترەت پائالىيىتىگە بارمىسام بولمايدۇ، دائىم ھەر يەكشەنبە كۈنى سىزنىڭ ئىشىڭىز چىقىپ قالىدۇ، لېكىن مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق ئىشىم بار-دە. سىز ئىش قىلسىڭىز پىلانسىز قىلىسىز! مۇئەللىم: «بىز ۋاقىتنى تەقسىم قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك، پىلان بويىچە ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرساق، پالاقلاپ يۈرمەيدىغان بولىمىز» دېگەن، شۇڭا بۇندىن كېيىن ئىش قىلسىڭىز پىلانلىق قىلىڭ، — دېدىم.

دادام قېشىمغا كېلىپ:



— سەن ئاناڭنى نېمەپىلان تۇز دەيسەن؟ كىيىمىڭنى ئەمدى كىيىپلا كىر قىلىۋېتىپسەن، ياكى بوگۇن ئەترەت پائالىيىتى بارلىقىنى ئاناڭغا بالدۇرراق دېمەپسەن، — دېدى.

مەن جاۋاب بەرمەي، قاچىنى قويۇپلا ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرسلەرنى ئازراق تەكرار قىلىپ قويمىسام، چۈشتىن كېيىن ۋاقىت چىقىرالمايتتىم.

ئۆيۈمگە كىرسەم، ئىنىم بىلەن سىڭلىم سومكامنى تارتىشىپ ئويناۋاتقانىكەن، ئۇلار مېنىڭ كىتاب، قەلەمدانلىرىمنى تارتىپ چىقىپ يېيىۋېتىپتۇ. مەن دەرھال ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، كىتابلىرىمنى رەتلەپ، ھېساب كىتابىمنىڭ يوقلىقىنى بايقىدىم. مەن جىلە بولۇپ يەنە ۋارقىرىدىم:

— ئانا، قارىڭە، ئۇلار ئادەمنى ئەجەب بىزار قىلىدىغۇ، مېنىڭ نەرسىلىرىمنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتۇ، ھېساب كىتابىمۇ يوق تۇرىدۇ، — دېدىم. ئانام كىرىپ:

— سەن ھېساب كىتابىڭنى ئۆزۈڭ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپتىكەنسەن، مەن ئۇنى تارتمىغا سېلىپ قويغان. سەن كىتابلىرىڭغا دائىم ياخشى قارىمايسەن، سومكاڭنىمۇ بىر يەرگە ئېلىپ قويماي، تېخى دائىم ئىنىڭ بىلەن سىڭلىڭنى نەرسىلىرىمنى قالايمىقان قىلدى دەيسەن، — دېدى.

بۇ چاغدا ئىنىم بىلەن سىڭلىم تاشقىرىقى ئۆيگە قېچىپ چىقىۋالغان بولۇپ، دادام ئۇلارنى ئويناتقىلى سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.

مەن ئاچچىقلانغان ھالدا تارتمىدىن ھېساب كىتابىمنى ئېلىپ، ئولتۇرۇپ بىر نەچچە كۆنۈكمە ئىشلىمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۈستەلنىڭ ئۈستى لىق تولۇپ كەتكەن ئىدى، چاي ئىستاكىنى بولامدۇ، چايدان بولامدۇ، كىتاب بولامدۇ، ئەيتاۋۇر ھەممە نېمە دۆۋىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئازراقمۇ بوش ئورۇن يوق ئىدى.

نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق، ئەجەب جېنىمغا تەگدى! ئانام كۈن بويى ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قىلىپ بىردەممۇ جىم تۇرمايدۇ، لېكىن زادى نېمە ئىش بىلەن ئالدىراشلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۆي ھەمىشە مۇشۇنداق قالايمىقان! مەن تام قوشنىمىز لى ئانىغا بەك قايىل، ئۇنىڭ ئۆيى دائىم شۇنداق رەتلىك، لى يۈگجېن كىيىۋالغان كىيىممۇ ھەمىشە شۇنداق پاكىز تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى باللار بىزنىڭ ئۆيدىكىدىن جىق تۇرۇپمۇ، لى ئانا ئازراقمۇ قالايمىقان ئەمەس.

مەن «لى ئانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرس تەكرارلاي، ئۇلارنىڭ ئۆيى دائىم جىمجىت، باللىرىمۇ كەپسىز ئەمەس، لى تاغىمۇ بىزگە ئامراق، بىزنى كۆرسە دائىم ئېچىلىپ پاراڭ قىلىدۇ، يۈگجېنمۇ ماڭا ياردەم بېرىدۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە كىتابىمنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چاپتىم.



مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشىمگە، ھويلىسىنىڭ پاك-پاكىز تازىلىنىپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. يۈگجېنىنىڭ ھەدىسى يۈگيىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆيدە بولۇپ،

ئۇستەللەرنى سۈرتۈۋاتاتتى، يۈگچېن ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنى شىرەگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ رەسىم سىزىۋاتاتتى. لى تاغا بىلەن لى ئانا ئىچكىرىكى ئۆيدە كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، سىرتقا چىقىدىغاندەك قىلاتتى. لى ئانا مېنى كۆرۈپلا كۈلۈمسىرەپ:

— ياخشىمۇسىز شياۋچېن، يەكشەنبە كۈنىمۇ ئۆگىنىش قىلدىڭىزمۇ؟ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچى-دە، ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:



— ئانام ئۆي يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش، سىز بۇنچە ئەتىگەن سىرتقا چىقامسىز؟ — دەپ سورىدىم. لى ئانا:

— شۇنداق، يۈگچېنلار بۈگۈن ئەتىگەنلىك مەيداندا ياخشى كىنو بار ئىكەن دېگەن ئىدى، شۇڭا لى تاغاڭ سەھەردىلا بېلەت ئېلىپ كېلىپ، بىللە كىنو كۆرەيلى دەيدۇ. مەن بۈگۈن يەكشەنبە، ئۆيدە ئادەم كۆپ، ئىش كۆپ، مەن بارماي دېسەم، ئۇلار مېنى چوقۇم بار دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى. لى تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئادەم كۆپ بولسا ئىش ئاز بولىدۇ. ئەسلىدە يەكشەنبە كۈنى ھەممىمىز دەم ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى، بىز ئىشچىلار يەكشەنبە كۈنى ئىشلىمەيمىز، ئوقۇغۇچىلارمۇ يەكشەنبە كۈنى ئوقۇمايدۇ، پەقەت سىلەر ئائىلە ئاياللىرىلا يىل بويى باش كۆتۈرمەي ئىش قىلىپ، دەم ئالمايسىلەر، — دېدى. لى تاغا يەنە

يۈگىنگىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەن دائىم ئۆيگە خەت يازغاندا، «قەدىرلىك ئانا، ھېلىقى يېگى ئاياغنى تىكىپ بولدىڭىزمۇ-يوق؟ يەكشەنبە كۈنى كىيىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، مېنىڭ ئايىغىم يىرتىلىپ كەتتى» دەيسەن، ياكى بولمىسا «قەدىرلىك ئانا، مېنىڭ تۈگرە يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، بۇ يەكشەنبە كۈنى سىز ماڭا تۈگرە تۈگۈپ قويۇڭ» دەيسەن. يەكشەنبە كۈنى ھەممىمىز دەم ئالغان چاغدا، سىلەرنىڭ قەدىرلىك ئاناڭلار ئىش قوشۇپ ئىشلىگەندەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، توغرىمۇ؟— دېدى. يۈگىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتا، بىر يىلدىن بېرى ئانام ماڭا يېگى ئاياغ تىكىپ بەرمىدى، ئۆزۈم تىكىۋاتىمەن، — دېدى. يۈگجېنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتا، ھازىر ھەر كۈنى بىز ئانامغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بېرىۋاتىمىز، — دېدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ چۇرقىرىشىپ:

— خاتا، خاتا، بىز بەك گەپ ئاڭلايمىز، ئانامغا بىزنى سىرتقا ئېلىپ چىق دەپ غەلۋە قىلمايمىز، — دېدى. لى تاغا:

— مانا بۇ توغرا بولدى، سىلەر مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ئەترەت ئەزاسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆيدىمۇ ياخشى بالا بولۇشۇڭلار كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا... — دەپ تۇرۇشىغا، لى ئانا ئارقىدىنلا:

— ئۇلار ھازىر ياردەم قىلىشنى بەكلا ئۇقىدىغان بولدى، سىزنىڭ دەۋېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى. يۈگىنىڭ بىلەن يۈگجېن كۈلۈپ كېتىپ:

— بولدى، قەدىرلىك ئانا، سىلەر تېز مېڭىڭلار، بولمىسا، كىنوغا كېچىكىپ قالىسىلەر، — دېدى. لى ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمىسە بىز ماڭدۇق، بوگۈن چۈشتە زاجياڭ ئېتىپ

يەڭلار، گۆش بىلەن جاگىيۇ ئىشكاپتا بار، — دېدى.

— بىلدۇق، بىز چوقۇم ياخشى ئېتىمىز، سىز چۈشتە قايتىپ كەلگەندە بىز ئەتكەن تاماققا داخىل بولىسىز، — دېدى يۈگىيىڭ. لى تاغا كۆلۈپ قويۇپ لى ئانىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى، ئىنىسى بىلەن سىڭلىسى ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ئانا، خەير-خوش، — دېدى.

ئۇلار چىقىپ كېتىشكە، يۈگىيىڭ يۈگجېڭدىن:

— تۈنۈگۈن ئاخشام سېلىۋەتكەن بىر دۆۋە كىر كىيىمنى ئانام نەگە تىقىپ قويغاندۇ؟ ئەتىگەندە ئىش يوق چاغدا مەن ئۇلارنى يۇيۇۋېتەي، — دەپ سورىدى. يۈگجېن:

— ئانام سېنى ھەپتىدە بىر قېتىم قايتىپ كېلىپ، ئاران بىر يېرىم كۈن تۇرىدۇ، شۇڭا ياخشىراق دەم ئېلىۋالسۇن ياكى دەرسلىرىنى ئازراق بولسىمۇ تەكرارلىۋالسۇن دەپ، كىرلەرنى ئۆزى يۇيماقچى بولدى، ئۇ كىرلەرنى ئانام ئەتە بوش ۋاقتىدا يۇيماقچى، ساڭا يۇيغۇزمايدۇ، — دېدى. يۈگىيىڭ:

— مەن دەرسلىرىمنى تەكرارلاپ بولدۇم، ئانامنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشنى ئويلاپ قويغان، بۇ ئىشلار مېنىڭ ئىشىمغا ئازراقمۇ دەخلى قىلمايدۇ. مەن كىر يۇيغاچ سىلەر بىلەن پاراڭلاشساممۇ دەم ئالالايمەن، — دېدى. يۈگجېن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر دۆۋە كىيىمنى كۆتۈرۈپ چىقتى، يۈگىيىڭ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، كىرلەرنى يۇيۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا يۈگجېن مېنى ئۈستەللىنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مەندىن قايسى دەرسنى تەكرار قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ھېساب كۆنۈكمىلىرىنى ئىشلەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىشلەشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. يۈگجېن:

— مەن ھېساب كۆنۈكمىلىرىنى ئىشلەپ بولدۇم، ئەمما ساڭا

ياردەم بەرسەم بولىدۇ، — دېگەچ، ئوچاقتىن قىزىغان دەزمالنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ چۈشتىن كېيىن ئەترەت پائالىيىتىدە كىيىدىغان كىيىملىرىگە دەزمال سالغاچ مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەردى.

مەن بېشىمنى چۆكۈرۈپ ھېساب كۆنۈكمىلىرىنى ئىشلەشكە باشلىدىم، بىراق زېھنىمنى يىغالمايۋاتاتتىم، قۇلىقىمغا يۇگىيىگىنىڭ كىر يۇغاندىكى «شارت-شارت» قىلغان ئاۋازلىرى بىلەن يۇگجېنىنىڭ كىيىمگە دەزمال سالغاندا چىققان «شىرت-شىرت» قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ئۆي ئىچى بەكلا جىمىپ كەتكەن ئىدى. كۆڭلۈمدە «مەن ھەمىشە لى ئانا بىلەن ئانامنى سېلىشتۇرۇپ، لى ئانىنى ئانامدىن جىق ئىشلارنى قىلالايدىكەن دەپ ھېس قىلاتتىم، ئەمدى بىلدىمكى، يۇگجېن بىلەن يۇگىيىڭ تېخى ئانىسى ئۈچۈن شۇنچە جىق ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىدىكەن ئەمەسمۇ! ھازىر يۇگجېنىنىڭ ئانىسى كىنو كۆرگىلى كەتتى، لېكىن مېنىڭ ئانام يەنىلا مېنىڭ كىيىمىمنى يۇيۇش بىلەن ئاۋارە» دەپ ئويلىدىم.

مەن بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئولتۇرالماي قالدىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماگاي دەپ تۇرۇشۇمغا، يۇگىيىڭ ماگا:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۆيدە ئاھالىلەر كومىتېتى يىغىنى ئېچىلىدىكەن، سەن يەنە ئۆيدە بولالمايدىكەنسەن، مەن ياردەم بېرىدىغان ئىشلار بولسا، چېن ئانام ماگا ئېيتىپ قويسۇن، — دېدى.

— ئانام ماگا چۈشتىن كېيىن ئىش بار دېگەن، لېكىن ئۆيدە ئاھالىلەركومىتېتى يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان، ئۇ ماگا چۈشتىن كېيىن ئۇكىلىرىمغا قاراشنى ئېيتقان، ئۇنداقتا سىز ئۇلارغا قاراپ قويىسىگىز بوپتىكەن، — دېدىم.

— چېن ئانام يېڭىلا ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى، سەن تېخى بىلمەمسەن؟ ئۇ ناھايىتى

ئاكتىپ ئىكەن! بۇ كۈنلەردە ئۇ يادرو قورالى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇشقا ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى دېگەنلەر ئۈچۈن كۈن بويى ئالدىراش يۈرىدۇ، ئانام ماڭا: « بىز ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم بېرەيلى، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتمىسۇن، دېگەن ئىدى، » دېدى يۇڭيىڭ.

مەن كىتابىمنى ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈردۈم. ئانام مېنىڭ كىيىمىنى يۇيماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن، مەن دەرھال كىيىمنى ئېلىۋېلىپ:

— سىز يۇيماڭ، مەن بۇ كىيىمنى يەنە كىيسەم بولىۋېرىدۇ. سىز يەنە چۈشتىن كېيىن يىغىن ئېچىش بىلەن ئالدىراش بولىسىز، مەن لى يۇڭيىڭغا ئۈگىنىلىرىمغا قاراپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ! — دەپلا ياتاق ئۆيۈمگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، دەرھال ئورنۇمنى يىغىپ رەتلەشكە باشلىدىم، ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى رەتلىك تىزىپ بولۇپ، سۈپۈرگىنى ئېلىپ يەرنى سۈپۈرىۋېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئانامنىڭ ئىشىك ئالدىدا ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئارىلاش خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— شياۋچېن، بۈگۈن نېمانداق ئىشچان بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن ناھايىتى خىجىل بولدۇم، قىزارغان يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەي:

— بۈگۈندىن تارتىپ مەن ھەر كۈنى سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا قارىشىپ بېرىمەن، ئوبدان ئانا! — دېدىم.

# كىچىككىنە بىر چىراغ

بۇ — بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىش.

چاغاننىڭ ھارپىسى چۈشتىن كېيىن، مەن چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان بىر دوستۇمنى يوقلاپ باردىم. ئۇ شۇ يېزىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسىدا تۇراتتى. مەن قاراڭغۇ، تار پەلەمپەيدىن ئۆتۈپ، بىر ئۇستەل ۋە بىر نەچچە بامبۇك ئورۇندۇق بىلەن بېزەلگەن ئاددىيغىنە بىر ئۆيگە كىردىم، ئۆينىڭ تېمىغا بىر تېلېفون ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتسەملا دوستۇمنىڭ ھۇجرىسى ئىكەن. تاشقىرىقى ئۆي بىلەن پەقەت بىر پەردە ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ، دېرىزە ئالدىدىكى ئۇستەلگە ئىككىلىك خەت قويۇپ قويۇپتۇ، قارىسام: «مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، مېنى ساقلاپ تۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ «تىرىق» قىلىپ ئېچىلغانلىقى ئاڭلاندى، بىرئازدىن كېيىن يەنە بىرەيلەننىڭ بامبۇك ئورۇندۇقنى يۆتكىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن پەردىنى قايرىپ، سەككىز-توققۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر كىچىك قىزنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، توڭلىغىنىدىن چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى، چېچى ناھايىتى قىسقا، ئۇچىسىغا بەك كونىراپ كەتكەن كىيىم، پۇتىغا چىغ كەش كىيىۋالغان بولۇپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ تامدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالماقچى بولۇۋاتاتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كېتىپ قولىنى تارتىۋالدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز تېلېفون بەرمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ:

— مەن ×× دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، خۇ دوختۇرنى ئىزدىمەكچى ئىدىم، ئانام ھېلىلا تۇرغۇن قان تۈكۈردى! — دېدى.
— سىز ئۇ دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپ:
— مەن تېلېفون ئىدارىسىدىن سوراي دەپ تۇرغان...— دېدى. مەن دەرھال ياندا تۇرغان تېلېفون دەپتىرىدىن دوختۇرخانىنىڭ نومۇرىنى تېپىپ، يەنە ئۇنىڭدىن:
— دوختۇرنى تاپقاندىن كېيىن، مەن ئۇنى كىمنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ دەيمەن؟ — دەپ سورىدىم.
— سىز پەقەت: «ۋاڭ چۈنلىننىڭ ئۆيىدە كېسەل بار» دېسىڭىزلا ئۇ بارىدۇ، — دېدى ئۇ.
مەن تېلېفون بېرىپ دوختۇرغا ئېيتىپ قويدۇم، قىزچاق مىننەتدارلىق بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، قايتماقچى بولدى. مەن ئۇنى توختىتىپ:
— ئۆيىڭىز يىراقمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ سىرتنى كۆرسىتىپ:
— ئاۋۇ تاغ باغرىدىكى چوڭ دولانا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە، بىردەمدىلا بارغىلى بولىدۇ، — دېگەچ، تاق-تاق قىلىپ يۈگۈرگىنىچە بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.
مەن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، گېزىتنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرۈپ بولدۇم، يەنە «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن يۈز پارچە» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىدىم. يېرىمىنى كۆرۈپ بولغىچە ئاسمان بارغانسېرى تۇتۇلۇشقا باشلىدى، دوستۇم تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. مەن زېرىكىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىن قويۇق تۇمانغا پۈركەنگەن تاغ مەنزىرىسىگە نەزەر سالدىم، ھېلىقى دولانا دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئۆينى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز ھېلىقى

كىچىك قىزچاق ۋە ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغان ئانىسىنى يوقلاپ قويۇشنى ئويلاپ قالدىم. مەن بىنادىن پەسكە چۈشۈپ، بىر نەچچە چوڭ ئاپېلسىن سېتىۋېلىپ قول سومكامغا سېلىپ، تاش يېپىتىلغان ئەگرى-بۈگرى، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يول بىلەن ھېلىقى كىچىك ئۆينىڭ ئالدىغا باردىم.

مەن ياغاچ ئىشىكنى يېنىك چەكتىم، ھېلىقى قىز ئىشىكنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى-دە، بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ مېنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆي ناھايىتى كىچىك، قاراڭغۇ بولۇپ، تامغا يۆلەپ قويۇلغان كارىۋاتتا ئۇنىڭ ئانىسى كۆزىنى يۇمۇپ تۈپتۈز ياتاتتى. بەلكىم ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك، يوتقاننىڭ بېشىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قاپتۇ.



ئۇ يۈزىنى يان تەرەپكە قارىتىپ ياتقاچقا، پەقەت ئۇنىڭ پاخپىيىپ قالغان چاچلىرى بىلەن بېشىنىڭ كەينىدىكى يوغان چاچ تۈگۈنىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ئوچاق بولۇپ، ئۈستىگە بىر كىچىك قۇم قازان ئېسىلغان، ئۇنىڭدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قىزچاق مېنى ئوچاق ئالدىدىكى كىچىك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆزى مېنىڭ قېشىمدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا ھەدەپ سەپسېلىشقا باشلىدى. مەن

ئاستاغىنە:

— دوختۇر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كەلدى، ئانامغا ئوكۇل ئۇرۇپ قويدى... ئۇ ھازىر ناھايىتى ياخشى، — دېدى. ئۇ يەنە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىغاندەك، — خاتىرجەم بولۇڭ، دوختۇر ئەتە سەھەر يەنە كېلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويىدى.

— ئۇ بىر نەرسە يېدىمۇ؟ قازاندىكى نېمە؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تاتلىقياڭيۇ ئۇمىچى، بىزنىڭ ھارپا كېچىلىك تامىقىمىز، — دېدى. مەن ئېلىپ كەلگەن ئاپپېلسىننى ئېسىمگە ئېلىپ، چىقىرىپ كارىۋات قېشىدىكى پاكار شىرەگە قويدۇم. ئۇ ئۇنى چىقارماي، ئەڭ چوڭ بىر ئاپپېلسىننى ئېلىپ، قەلەمتىراش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بىر قىسىم پوستىنى سويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىككى قولى بىلەن ئاستىنقى يېرىمىنى يېنىك مىجىشقا باشلىدى.

مەن پەس ئاۋازدا:

— ئۆيۈڭلاردا يەنە كىملەر بار؟ — دەپ سورىدىم.

— ھازىر بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، دادام باشقا جايغا كەتكەن... — دېدى ئۇ. ئۇ گېپىنى توختىتىۋېلىپ، ئاپپېلسىن شۆپۈكىدىن ئاپپېلسىن ئېتىنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ، ئانىسىنىڭ ياستۇقىنىڭ بېشىغا قويدى.

ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئاجىز نۇرى ئاستا-ئاستا يوقالدى، سىرتتىمۇ قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدۇم، ئۇ مېنى توختىتىپ، ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن چېگە يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يوغان يىڭنىنى ئېلىپ، ھېلىقى ئاپپېلسىننىڭ پوستىغا بىر بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، كىچىك قەپەسكە ئوخشاش ياساپ، بىر كىچىك بامبۇك ياغاچ بىلەن كۆتۈردى ۋە دېرىزە تەكچىسىدىن قىسقا بىر شامنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە

كىرگۈزۈپ ماڭا سۇنۇپ:
— قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، يول تېيىلغاق، بۇ كىچىك چىراغ سىزگە يول باشلايدۇ، — دېدى.
مەن ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇپ، ئۇنى ئالدىم، ئۇ مېنى ئىشىك سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئۇ يەنە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىغاندەك قىلىپ:



— دادام ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئانامۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى. ئۇ كىچىك قولى بىلەن ئالدىغا بىر يۇمىلاق سىزدى، ئاندىن ئۇنى مېنىڭ قولۇمغا بېسىپ:
— بىز ھەممىمىز ياخشى بولۇپ كېتىمىز، — دېدى. روشەنكى، بۇ يەردىكى «ھەممىمىز» دېگىنى مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
مەن بۇ ئەپچىلگىنە كىچىك ئاپپىلسىن چىراغنى ئېلىپ، قاراڭغۇ، نەم تاغ يولىدا ئاستا يۈرۈپ كەتتىم. بۇ غۇۋا چىراغنىڭ نۇرى بەك يىراقنى يورۇتالمايتتى، لېكىن، بۇ كىچىك قىزچاقنىڭ تەمكىن، باتۇر، ئۈمىدۋار روھى ماڭا ئىلھام بولدى، مەن خۇددى كۆز ئالدىم چەكسىز يورۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم! دوستۇم قايتىپ كەلگەن بولۇپ، قولۇمدىكى كىچىك ئاپپىلسىن چىراغنى كۆرۈپ، مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى.
— ۋاڭ چۈنلىننىڭ ئۆيىدىن كەلدىم، — دېدىم. ئۇ ھەيران قالغان ھالدا:
— ۋاڭ چۈنلىن، ھېلىقى ياغاچچى، سەن ئۇنى قانداق

تونۇيسەن؟ بۇلتۇر، تاغ باغرىدىكى تېببىي ئىنستىتۇتتا، بىر نەچچە ئوقۇغۇچى كوممۇنىست دەپ تۇتۇپ كېتىلگەن، كېيىن ۋاڭ چۇنلىنمۇ يوقاپ كەتكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ دائىم ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېتىنى توشۇيدىكەن... — دېدى.

شۇ كېچىسى، مەن ھېلىقى تاغلىق يېزىدىن كەتتىم، ھېلىقى قىزچاق بىلەن ئانىسىنىڭ خەۋىرىنى قايتا ئاڭلىمىدىم.

لېكىن، شۇ چاغدىن باشلاپ ھەر يىلى چاغان كەلگەندە، مەن ھېلىقى كىچىك ئاپپىلسىن چىراغنى ئەسلەيدىغان بولدۇم. 20 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھېلىقى قىزچاقنىڭ دادىسى چوقۇم قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ چوقۇم ساقىيىپ قالدى، شۇنداقمۇ؟ چۈنكى، بىز «ھەممىمىز» ياخشى بولۇپ كەتتۇق ئەمەسمۇ؟

# مىگزى بىلەن مىزى

مىگزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مىگزى ئەمەس، ئۇنىڭ فامىلىسى شۇ، ئىسمى شۇمىڭ. مىزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىمۇ مىزى ئەمەس، ئۇ بىر مۈشۈك بولۇپ، مى مى دەپ چاقىرىلاتتى. مىگزى بىلەن مىزى مومىسى ئۇلارغا قويۇپ قويغان ئەركىلەتمە ئىسىم ئىدى.

مىزىنى مىگزى مومىسىغا ئەكىلىپ بەرگەن ئىدى. مومىسى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، بىكار بولۇپ قالدى، ئۇ مىگزى ۋە ئۇنىڭ دادىسىغا ھەر كۈنى كەچلىك تاماق تەييارلىغاندىن سىرت يەنە بالكونىدا گۈل-گىياھ تېرىش دېگەندەك ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، چۈنكى مىگزىنىڭ ئاپىسى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، كاناداغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەنىدى. شۇڭا مىگزى مومىسىغا مۈشۈك باقتۇرۇشنى ئويلىدى.

مىگزى مۈشۈككە بەك ئامراق ئىدى، لېكىن ئانىسىنىڭ مۈشۈك بىلەن خۇشى يوق ئىدى، «مۈشۈك ئىنتقا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھەممە يەرگە يامىشىپ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، بىردەم ئۈستەلگە، بىردەم كارىۋاتقا چىقىۋېلىپ مەينەت قىلىۋېتىدۇ» دەيتتى. مىگزى قانداقلا يالۋۇرسىمۇ، ئانىسى زادىلا ئۇنىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئانىسى چەت ئەلگە كەتتى، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى دادىسىنىڭ خىزمەتدىشى چېن تاغىنىڭ ئۆيىدە تۆكلىرى ئۇزۇن ئۈچ ئاسلان بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تۆكلىرى ئۇزۇن، بۇدرۇققىنە بولۇپ، بەك ئوماق ئىدى. كۆپچىلىك: «چېن تاغا مۈشۈككە بەك ئامراق، بىر مۈشۈكنى بېرىۋەتسە، بىر قىزنى تالالىق قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ، ئىشەنچلىك ئادەم بولغاندىلا، ئاندىن مۈشۈكنى بېرىدۇ» دېيىشەتتى. مىگزى: «مومامغا لازىم ئىكەن، دېسەم، ئۇ ماقۇل بولماي قالمايدۇ، مەن بېرىپ سىناپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

مىڭزى ئەتىسى مەكتەپتىن كېلىپلا، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ، چېن تاغىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— سىز ئېھتىمال موماملى تونۇيسىز، ئۇ مۇشۇككە بەك ئامراق، ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىش يوق ئىچى پۇشۇپ قالدى، شۇڭا سىزنىڭ بىر ئاسلىنىڭىزنى ئۇزىگە ھەمراھ قىلىۋالسام دەيدۇ، بولامدۇ؟ — دېدى. چېن تاغا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مومىڭىزغا لازىم بولسا، بىرنى ئېلىپ كېتىڭ، — دېدى. مىڭزى تەبەسسۇم بىلەن يەنە:

— مەن ئۇچىلىسىنى ئېلىپ بېرىپ موماملىغا كۆرسىتەي، ئۇ بىرىنى تاللىۋالسۇن بولامدۇ؟ ھازىرلا قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى. چېن تاغا ئامالسىز ئۈچ ئاسلاننى ئۇنىڭ سومكىسىغا سېلىپ بەردى. ئۇ سومكىسىنى يۆدۈپ، ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مومىسىنىڭ ئۆيى يېقىنلا يەردە بولۇپ، ۋېلىسىپىت بىلەن ئۈچ مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى، مومىسى يەنە مىڭزىغا چوڭ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىدىن بىرنى بەرگەن ئىدى، شۇڭا بىمالال كىرىپ چىقالايتتى. مىڭزى خۇشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي ئۆيگە كىرگەندە، مومىسى مىڭزىنىڭ ئانىسىغا خەت يېزىۋاتقان ئىكەن. مىڭزى سومكىسىدىن ئاسلانلارنى بىر-بىرلەپ چىقىرىپ، ئۇستەلگە قويدى، ئۇلار بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۇنى-بۇنى پۇرىغىنىچە قەلەمدان، پىيالە ۋە ئۇستەل چىرىغىنىڭ ئارىسىدا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاپئاق بولۇپ، پەقەت قۇيرۇقىلا قارا ئىدى، دۇمبىسىدىمۇ يەنە بىر تال قارا چېكىتى بار ئىدى، ئۇ ئاسلانلارنىڭ ئەڭ شوخى بولۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىپلا مومايىنىڭ قولىغا يامىشىپ، خەت يېزىۋاتقان قەلەمگە ئېسىلدى. موماي قولىنى شىلتىپ: «ماڭ، ماڭ» دېدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ

كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بۇ مۇشۇك ئۆزگىچە ئىكەن. قارا قۇيرۇقى قامچىغا، ئاۋۇ قارا دېغى تۆگمىگۈلگە ئوخشايدىكەن. بۇنى تۆگمىگۈل قامچا دېسەك بولغۇدەك، — دېدى. مىگزى خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەمىسە تۆگمىگۈل قامچىنى ئېلىپ قالغىن، — دېدى. مومىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— ئېلىپ قالساق قالايلى، لېكىن ئاۋۋال ئۇنى ئاپىرىۋەت. بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەر، تەرەت قىلىدىغان، ئۇخلايدىغان جاي تەييارلايلى، — دېدى.

مىگزى دەرھال ئاسلانلارنى يەنە چېن تاغىغا ئاپىرىپ بېرىپ:

— مومام سىزگە رەھمەت ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئاۋۇ قارا قۇيرۇق ئاسلان ياردى، — دېدى. ئۇ چېن تاغىنىڭ بېرىشكە كۆزى قىيماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، «تۆگمىگۈل قامچا» دېگەن يېقىملىق ئىسىمنى تىلغا ئالمىدى. چېن تاغا ئاسلانلارنى ئانىسىنىڭ ئۇۋىسىغا سېلىۋېتىپ:

— بولىدۇ، سىز دائىم مومىگىزنىڭ ئۆيىگە ئويىنىغىلى بارىسىز، بارغاندا ئۇنى قىينىماڭ، — دېدى. مىگزىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— ئۇنداق قىلىشقا ھەددىممۇ، بىز تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپلا ئېلىپ كېتىمىز، — دەپلا قايتتى ئۇ.

مىگزى مومىسىغا ياردەملىشىپ، بىر چوڭ سۇلياۋ داسنى تېپىپ، ئىچىگە كۈل قۇيۇپ، مىزىغا ھاجەتخانا تەييارلىدى؛ ئىككى قىزىل گۈللۈك تەخسە تېپىپ، چوڭىنى مىزىنىڭ تاماق قاچىسى، كىچىكىنى سۇ قاچىسى قىلدى؛ يەنە بىر چوڭ بامبۇك سىۋەت تېپىپ، ئىچىگە بىر قات تور پاختا سېلىپ، مىزىنىڭ كارىۋىتى قىلدى. مومىسى:

— مىزى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۇخلايدۇ، لېكىن يەيدىغان، تەرەت قىلىدىغان يېرى ئاشخانىدىكى شىرەنىڭ ئاستىدا بولىدۇ، ياز كۈنلىرى يەنە بالكونغا ئېلىپ چىقىپ قويىمەن، بولمىسا پۇراپ كېتىدۇ، — دېدى. مىگزى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى.

مىزى ئېلىپ كېلىندى، ئۇ ھەقىقەتەن بەك شوخ ئىدى! خۇددى ئانىسى ئېيتقاندەك، كۈن بويى ھەممە يەردە يۈگۈرۈپ، سەكرەپ، بىردەم شىرەگە، بىردەم كارىۋاتقا چىقىۋالاتتى، ھەممە نېمىنى ئۇياق-بۇياققا ئىتتىرىپ يۈرەتتى. شۇڭا مومىسى ئۇنى دائىم يۇيىدىغان، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن يۆگەپ قويىدىغان، تېخى شامالدۇرغۇچ بىلەن ئۇنى قۇرۇتۇپ قويىدىغان بولدى. ناشتىدىن كېيىن، سۈت قازىنىنى يۇيىدىغان چاغدا، يەنە بىر چۆمۈچ ئۇماچنى قازاندا بىر قېتىم پىشۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزلىرى يېمىگەن توخۇم سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ مىزىغا يېگۈزەتتى. مومىسى مىزىنى بېقىپ ھەم ئاقارتىپ، ھەم سەمرىتىپ، بىر يوغان ئاق مويلۇق توپقا ئوخشىتىپ قويدى. مىزى ئادەتتە ئىنتايىن كەپسىز بولۇپ، مىگزى ئۇنى قۇچىقىغا ئالاي دېسە تىركىشىپ تۇرۇۋالاتتى، لېكىن قورسىقى تويغاندىن كېيىن يەنە پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى. مومىسى دائىم كەچلىك تاماقنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا بىر نەرسە يېگۈزەتتى، بېلىق بېشى، توخۇ پۇتى دېگەندەك نەرسىلەرنى چاناپ، ئۇنىڭ تامقىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرەتتى. مىزى بىر چەتتە مياڭشىپ تۇراتتى، مومىسى ئۇنىڭ تاماق قاچىسىنى قويۇشىغىلا، مىزى قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ يۈگۈرۈپ يېيىشكە باشلايتتى، ئاندىن ئالدى پۇتى بىلەن توختىماستىن يۈزىنى يۇياتتى، ئاندىن كېيىن ھورۇنلۇق بىلەن بىر سوزۇلۇۋېتىپ، ئەسنەشكە باشلايتتى. بۇ ۋاقىتتا مىگزى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىۋالاتتى، مىزى قىمىر قىلماي كۆزىنى يۇمۇپ، تۇگۇلۇپ يېتىپ كېتەتتى. مىگزى ئۇنى يېنىك سىلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مومىسى بىلەن دادىسى تېلېۋىزور

كۆرگەچ پاراگلىشاتتى. مىگزى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەن مىزنىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قاردەك ئاق، ئۇزۇن تۈكلىرىنى ئاستا سىلايتتى، بەزىدە ئېگىشىپ يۈزىنى ئۇنىڭغا ياقاتتى، تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى مىغىلداپ يۈرگەن كىشىلەرگە نەزىرىنى سالمايتتى. «خەۋەرلەر» پروگراممىسى كۆرسىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، «شۈمىلىك، بىز ماگايلى، سەن تاپشۇرۇقلىرىڭنى تېخى ئىشلەپ بولمىدىڭ، موماڭغا خوش دېگىن» دېگەندىلا، مىگزى ئامالسىز مىزنىنى موممىسىنىڭ تىزىغا قويۇپ، كۆزى قىيمىغان هالدا ماگاتتى.

بۇ يەكشەنبە چۈشتە، موممىسى مىگزىنىڭ تەلىپى بويىچە، چېن تاغىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭغا مىزنىنىڭ ئۇبدان چوڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى هەم رەهمەت ئېيتماقچى بولدى. چېن تاغا كەلدى هەم موممىسى بىلەن سالاملاشتى، مىگزى مىزنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ مىزنىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. چېن تاغا تاماق يېگەچ، دادىسى بىلەن كومپيۇتېر دېگەن نېمە، پروگراما تۈزۈش تىلىنى قانداق ئىشلىتىدۇ، ماتېرىياللارنى قانداق ساقلايدۇ، ئىشلەتكەندە قايسى كۇنۇپكىلارنى باسىدۇ، ئۇنى باسقاندا قانداق ماتېرىياللار چىقىدۇ، دېگەن بىر تالاي مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭ سېلىشتى. مىگزى موممىسىدىن ئاستاغىنە:

— كومپيۇتېر دېگەن قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مۈشۈك بېقىشقا پايدىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. موممىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. مەن مىزنىنىڭ ماتېرىياللىرىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، لازىم بولغاندا بىر كۇنۇپكىنى بېسىپلا چىقىرىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى. تاماقتىن كېيىن، چېن تاغا موممىسىغا رەهمەت ئېيتىپ:

— چۈشتىن كېيىن يەنە كومپيۇتېر بىلەن هەپىلىشىمەن،

مەن ماڭاي، — دېدى. دادىسىمۇ:
— شۈيمىك، مەن بىلەن قايتىپ چۈشلۈك ئۈيقۇڭنى ئۇخلا، ئويغانغاندىن كېيىن ئاناڭغا خەت يازسەن، — دېدى. مىگزى ئىلاجسىز مىزىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ قويۇپ، دادىسى بىلەن قايتتى.



مىگزى ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ تويۇقسىز چۈش كۆردى، چۈشىدە بىراۋ مىزىنى قىيناۋاتقاندەك ئۇنىڭ قاتتىق مياڭلىغىنىنى ئاڭلىدى. ئەتراپقا قاراپ، ئالدىغا بىر چوڭ قارا ساندۇقنىڭ قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى، ئۇ خۇددى بايا ئېيتىلغان كومپيۇتېر بولۇپ، مىزى ئۇنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇلغاندەك قىلاتتى. ئۇ يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ساندۇقنىڭ يوچۇقىدىن مىگزىغا قاراپ توختىماستىن مياڭلايتتى. مىگزى جىددىيلەشكەنلىكىدىن ھېلىقى قارا ساندۇقنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى تاپماقچى بولۇپ تاپالمىدى.

ئۇ جىددىيلىشىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى، قۇلىقىغا يەنىلا تاق-تاق قىلغان ئاۋازلا ئاڭلىناتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆردى، دادىسى ماشىنكا بىلەن ئانىسىغا خەت يېزىۋاتاتتى. مىگزى كارىۋاتتىن چۈشۈپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان مومىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىن «بېرىپ موماڭنى ئاۋارە قىلما...» دېگىنىچە قالدى، ئۇ گەپكە قۇلاقمۇ سالماي چىقىپ كەتتى.

ئۇ مومىسىنىڭ چوڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ، مومىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ قارىدى. مومىسى ئۇخلاۋاتاتتى، مىزى مومىسىنىڭ ياستۇقىنىڭ قېشىدا دۈم ياتاتتى، مىزى ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەگەكلىك بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، مىگزىنى كۆرۈپ يەنە دۈم يېتىپ، بېشىنى ئالدى پۇتىغا تەگكۈزۈپ، ئارقا پۇتىنى يىغدى، بۇ ئۇنىڭ خىرىس قىلىش ئالدىدىكى تەييارلىق قىياپىتى ئىدى.

مىگزى يېنىچە بولۇپ ئىشكتىن قىسىلىپ كىردى، ئۇ قولىنى سوزۇشىغا، بۇ تۈكلۈك مەخلۇق ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە يۇمشاققىنە تەگدى. مىگزى ئۇنى چىڭگىدە باغرىغا باستى، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن، كۆزلىرى تۇيۇقسىز غۇۋالىشىپ كەتتى...

[General Information]
书名=冰心　维吾尔文
SS号=40282291